ISSN: 2602–389X

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2017ـ يىللىق 2ـ سان ئومۇمىي 2ـ سان






ئۈستىدىكى رەسىم: 2015 ـ يىلى 18 ـ دېكابىر كۈنى تۈركىيە پايتەختى ئەنقەرەدىكى غازى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر تۈركولوگ مىرسۇلتان ئوسمانوف تۇغۇلغانلىقىنىڭ 85 يىللىقى، يازغۇچى ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقىغا بېغىشلانغان «ئۇيغۇر تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرە سۈرىتى.

ئاستىدىكى رەسىم: ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمىز (ئوڭدىن سولغا: ھاجى نۇرھاجى، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، تۇرغۇن ئالماس)

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

**ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:**

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو ـ سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر
6. مەلۇم رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)

**ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:**

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

**ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:**

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل ـ يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

**ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:**

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: ئىزدىنىش ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

www.uyghuredebiyati.net

/izdinish /izdinish

# ئىزدىنىش ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал

Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal

www.uyghuredebiyati.net


## مىرسۇلتان ئوسمانوف خاتىرىسىگە


تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ........................................ 6

غەزىنىچى ........................................ بۇغدا ئابدۇللا 8

ئالىم ئۆلمىدى ........................................ خەندان 8


## باللارغا ئاتاپ


ئانا ئۇ سولماس گۈل ........................................ شاخناز ئۇشامووۋا (قازاقىستان) 32

ئانا سېنى ئوخشىتىمەن تاڭنىڭ نۇرىغا ........................................ مالىكە تاشبائەۋا 33

مەكتەپ ........................................ مەسىمجان تاشماگامەتوۋ 33

ۋەدە ........................................ گالبىيەم يۇسۇپوۋ 33


## ھېكايىلەر باغچىسى


چېنىقىش ........................................ زۇنۇن قادىر 10

ئاقللار كېڭىشى ........................................ دىلدار ئەزىز (ئامېرىكا) 27

ئەلۋىدا، مېنىڭ باھارىم ........................................ گۈلباھار ھۇسۇرىۋا (قازاقىستان) 53


## شېئرىيەت گۈلزارى


نەۋايى غەزەللىرىدىن ........................................ ئەلشىر نەۋايى 24

ئىككى غەزەل ........................................ ئابدۇرېھىم راخمان (قىرغىزىستان) 25

باللار ئارزۇسى ........................................ مەتقۇربان ئىسمائىل 26

شېئىرلار ........................................ شائىرەم باراتوۋا (قازاقىستان) 31

مەن ئۆرلەۋېرىمەن ........................................ مايا ئەنجىلو (ئامېرىكا) 34

ئىنگلىزچىدىن خەندان تەرجىمىسى

شېئىرلار ........................................ فەرىدە ئەفرۇز (ئۆزبېكىستان) 35

ئەزىزى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

شېئىرلار ........................................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد (شۋېتسىيە) 45

سۆيگۈ جازاسى ........................................ فەرۇق تاران (ئامېرىكا) 47

گۈل ناخشىسى ........................................ جىبران خېلىل جىبران (لىۋان) 50

ئىنگلىزچىدىن فەرۇق تاران تەرجىمىسى

لىفت ئىچىدە ئىدۇق ........................................ جاركۇ تونتتى (فىنلاندىيە) 50

ئىنگلىزچىدىن مۇرات ئورخۇن تەرجىمىسى



2017 ـ يىللىق 2 ـ سان

ئومۇمىي 2 ـ سان

ISSN: 2602–389X



**ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى**

مۇرات ئورخۇن

**تەھرىر ھەيئىتى**

ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)

ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)

رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)

ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)

مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)

راھىلە قەشقىرى (تۈركىيە)

ماھىرە چالىك (تۈركىيە)

دىل رەيھان (فرانسىيە)

مولوتجان توختاخۇنوۋ (قازاقىستان)

سابىرەم ئەنۋەرووۋا (قازاقىستان)

ئايىسكە تەۋپىق (تۈركىيە)

ئازاد روزى (تۈركىيە)

ئارزۇ غەمكۆز (گوللاندىيە)

لۇتپۇللا بىلگە (تۈركىيە)

**خەتتات**

نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**

ئالىمجان ئىبراھىم

ئىككى شېئىر ................ خەلىل ئىبراھىم ئۆزجان (تۈركىيە) 51
تۈركچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
بىز ۋەتەن مىنىڭ ................ ئا. ئەرۋاھ 62
خاتىرجەملىك ................ رىياد سالىھ ھۈسەيىن (سۈرىيە) 63
ئەرەبچىدىن ئا. ئەرۋاھ تەرجىمىسى
ئىستانبۇلنى ئىڭشاۋاتىمەن ................ ئورخان ۋەلى قانىق (تۈركىيە) 64
تۈركچىدىن فارۇق ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
مەن قورقمايمەن ................ سابىرەم ئەنۋەرروۋا (قازاقىستان) 65
چىچەكلەردىن جانلانغان ھېسلار ................ دىلدۇز تېلمان ھەسەن (ئامېرىكا) 84

## ئىجادكارلىرىمىز

قەشقەردىن ياڭرىغان سادا ................ گۈلباھار ناسىرروۋا (قازاقىستان) 36
قەلبىم سىرلىرى ................ ھاكىمجان گۈلىيېۋ (قازاقىستان) 48

## بىلىم ۋە تەتقىقات

ئۇيغۇرچە 100 نادىر ئەسەر ................ مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)، فۇرقان مەھمۇد غازى (مالايسىيا) 66
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى زامان تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى II ... مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 74
تۈرك ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە ژانىرى ................ گۈننار ياررىڭ (شىۋېتسىيە) 88
ئىنگلىزچىدىن زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى
بۇ سان ژۇرنالدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى ................ مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) تەييارلىغان 97

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

قازاقىستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرى «تۈرك دۇنياسى دىراما يېزىش مۇسابىقىسى»دە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى ................ 92
كىتاب ئۇچۇرى: ئۇيغۇر يىلنامىسى ................ 94
كىتاب ئۇچۇرى: «ئىز» رومانى تۈركچە تەرجىمە قىلىندى ................ 95
كىتاب ئۇچۇرى: «ئۇيغۇر ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى توپلىمى» ياپونچە نەشر قىلىندى ................ 96
كىتاب ئۇچۇرى: «سەنسىز ئاتقان تاڭلار» تۈركچە نەشر قىلىندى ................ 96

## ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن

ھۆنەرنىڭ خاسىيىتى (چۆچەك) ................ ئا. ئە. مەنزىل تەييارلىغان 79
يۇمۇر ................ ئا. ئە. مەنزىل تەييارلىغان 23, 73
ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە سېلىشتۇرما ماقال ـ تەمسىللەر ................ فارۇق ئۇيغۇرۇللاھ 85

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر رەسسام ئا. ئە. مەنزىل سىزغان رەسىم چەۋەندازى



# تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف

ئاتاقلىق تىلچى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكتلىرى تەتقىقاتىدىكى داڭلىق ئۇستاز، چاغاتاي تىلى تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشقان ئالىم شۇنداقلا تۈركولوگىيە ساھەسىدە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ۋە چەتئەللىك تەتقىقاتچىلارنى تەربىيىلىگەن ئۇستاز مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندى 2017-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى سەھەردە ئۈرۈمچىدە 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مىرسۇلتان ئوسمانوف 1929-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت شەھىرى ئاقكەنت يېزىسىدا خوتەن قاراقاشلىق ئازنىباقى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1932- يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ شۇ يەردە ئوقۇغان ۋە 1943- يىلى ئىلى بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرگەن. غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ياشلار تەشكىلاتى ئورگىنىدا كاتىپ ۋە ئورگان ژۇرنىلىدا كوررېكتور بولۇپ ئىشلىگەن. 1951-يىلى بېيجىڭغا بېرىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان. مىرسۇلتان ئوسمان بىر يىلدىن ئارتۇق بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەن. ئۇ ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ ئانا تىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى باشلىغان.

مىرسۇلتان ئوسمانوف ھاياتىدا ئۇيغۇرنىڭ تەۋەررۈك ماكانلىرىدىن شەھىدانە خوتەن، ئەزىزانە قەشقەر، غالىبانە قۇمۇل ۋە غازىيانە ئاقسۇلارنى كەزگەن، لوپنۇردىكى قالپاقلىق چاللار، كۇچادىكى ئاق رومال موماي‍لار ۋە تۇرپاندىكى قىزىل بۆكلۈك ئاقساقاللار بىلەن مۇڭدىشىپ ئۇلارنىڭ تىلىدىكى خەزىنىلەرنى ئاچقان، ئۈنچىلەرنى توپلىغان ئىدى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر

دىيالېكتلىرى»، «قۇمۇل شېۋىسى»، «خوتەن دىيالېكتى» ۋە «لوپنۇر دىيالېكتى» ھەققىدە يازغان خاس ئەسەرلىرى ئاۋام تىلىدا چېچىلىپ ياتقان شۇ قىممەتلىك ۋەسىيەت ۋە مىراسىي ھېكمەتلەرنىڭ بىزگە قالدۇرۇلغان خاتىرىسى ئىدى.

ئۇستاز يېتەكچىلىك قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر دىيالېكت ۋە شېۋىلەر لۇغىتى» قاتارلىق نەتىجىلەر ئۆملۈكنىڭ، ئۇيۇشقاق ئۇيغۇر روھىنىڭ نامايەندىسىگە ئايلانغان. ئۇ ئانا تىل گىراماتىكىسىغا ئاتالغان تۇنجى كىتابنى نەسرۇللا يولبولدى بىلەن، تىلشۇناسلىق لۇغىتىنى مەترېيىم سايىت بىلەن، نەۋايى تەتقىقاتىنى خەمىت تۆمۈر بىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى ئامىنە غاپپار بىلەن ئىشلەپ مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسىنى ئىبراھىم مۇتىئىي بىلەن بىللە ئىسپاتلاپ چىققان.

ئۇ يەنە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى» (باش تۈزگۈچى) ناملىق لۇغەتلەرنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە ئىملا لۇغىتى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ قىممەتلىك تەتقىقاتلىرى بىلەن ئانا تىلىمىزغا مىزان بېكىتكەن ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھېچ بىر تىلدىن قېلىشمايدىغان كۈچىنى «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە چوڭ لۇغەت» ئارقىلىق ئىسپاتلاپ ئۇيغۇرچە ھەممىگە قابىل سۆزلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرغا ناقايىل كۆزلەرنى تەسلىم قىلغان ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئۇستازىمىزنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ پەقەتلا بىر قىسمىدۇر. ئۇستازىمىز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغىچە تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇلغان ئىدى. ھەتتا تۈركىيە، ئاۋسترىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ مۇھىم تەتقىقاتلارنى قىلغان ئىدى. مەسىلەن، 85 يېشىدا گېرمانىيەنىڭ بېرلىن دۆلەت كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە بۇرۇن ئوسمانلىچە ياكى تاتارچە دەپ تىزىملىنىپ قالغان قول يازمىلارنى ئۇيغۇرچە دەپ تىزىملىتىپ، بەزىلىرىنى كۆپەيتىپ ئۇيغۇر دىيارىغا ئېلىپ كېتىپ ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا سۇنغان ئىدى.

ئۇنىڭ ۋاپاتى پەقەتلا ئانا ۋەتەنىدە ئەمەس، تۈركىيە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنى، بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى تۈركولوگلارنى ماتەمگە چۆمدۈردى. ئانا ۋەتەن ۋە چەتئەللەردىكى دۆلەت مەتبۇئاتلىرىدا، ئىجتىمائىي تارقاتقۇچىلاردا بۇ قايغۇلۇق ماتەم خەۋەرلىرى تارقىلىپ كەتتى. ئۇيغۇر خەلقى بىر قەدىرلىك ئالىمدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى.

مىرسۇلتان ئوسمانوف تۈركىيەدىمۇ ياخشى تونۇلغان تۈركولوگ بولۇپ، 2004 ـ يىلى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى توغرىسىدا» تېمىسىدا مەخسۇس دوكلات بەرگەن ئىدى. 2013 ـ يىلى ئۇنىڭ تىل تەتقىقاتى ۋە تۈركولوگىيە ئىلمىگە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى ئۈچۈن ئالتۇن مېدال بېرىلگەن ئىدى.

2015 ـ يىلى 18 ـ دېكابىر كۈنى تۈركىيە پايتەختى ئەنقەرەدىكى غازى ئۇنىۋېرسىتېتىدا داڭلىق ئۇيغۇر تۈركولوگ مىرسۇلتان ئوسمان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 85 يىللىقى، ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى ۋە مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقىغا بېغىشلانغان «ئۇيغۇر تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. مەزكۇر يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلغان مىرسۇلتان ئوسمان ئەپەندى ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆز خەلقىگە ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىنى، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە تېخى نۇرغۇن ئارزۇلىرىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى.

مەرھۇم مىرسۇلتان ئوسمانوف ھاياتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر دىيالېكتلىرى ۋە چاغاتاي تۈركىي تىلى تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ئىدى. ئۇ، بۇ ساھەدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگەن ئىدى. ھازىر شۇ ئوقۇغۇچىلار ۋەتەن ئىچى ۋە چەتئەللەردە ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە تۈركولوگىيە تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

# بۈيۈك تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان مەرسىيەلەر

## غەزنىنچى

*بوغدا ئابدۇللا*

بىر قەدىم، يىتۈك تىلنىڭ ساھىبى،
مەشرىقتىن تارتىپ مەغرىبكىچە.
يىگىنە قايان ـ يىپلار سايان،
ئۈزۈلمەس كارۋان بۇ ئەۋلاد ـ ئەۋلادقىچە.

مۇھىت ئىچرە بىر قەترە گەۋھەر،
گەۋھەر نۇرى ئۆچكەن نەدە بار؟
شۇ ئەجرىدە ئۆتتى بىر ھايات،
تەڭرى تاغلىرىدەك بولۇپ ئۇلۇغۋار.

2017 ـ يىلى 1 ـ دېكابىر

## ئالىم ئۆلمىدى

*خەندان*

ئالىم ئۆلدى، دېمەڭ،
تاغ يىقىلدى،
ئالىم ئۆلمىدى، تۇنجۇققان يەر سىقىلدى،
ئۈستىگە بىر پارچە ئوت يېقىلدى.
يېرىلدى، سىقىلغان يەر يېرىلدى،
يېنىۋاتقان يەرگە ئۆزىدەك كۆيۈۋاتقان،
ئىچىنى ئىچى بىلەن سۆيۈۋاتقان
ئالىم بېرىلدى.

ئالىم ئۆلدى، دېمەڭ،
جاھان تىقىلدى!

ئالىمنىڭ يۈرىكى پۈتۈن تۇرىدۇ،
ئالەمنىڭ يۈرىكى ئاھتىن تىتىلدى.
ئالىم ئۆلدى دېمەڭ، ئۆلمىدى، ئۆلمەس،
قاراڭ، دەستىلەنگەن دىۋانلارغا
ئەينەكتەك سۈزۈك بەتلەر چېقىلدى،
ئەنە تىرىكى- مېھنىتى، سۆزى،
ھايات، دېدى 32 ھەرپ چېچىلدى.
تۇپراقنى كۆرسەتمەڭ، بىر كۈن يېتىمىز،
سوراڭ نەۋايى، خاس ھاجىپلاردىن،
ئالىم ئۆلمىدى، كۆزى يېپىلدى،
ھايات دەپتىرى قىممەت بابىدىن
بىز كۆرۈپ باقمىغان بەت ئېچىلدى.

2017 - يىلى 1 - دېكابىر




تۈركىيە غازى ئۇنىۋېرسىتېتىدا چاقىرىلغان ئۇيغۇر تۈركولوگ مىرسۇلتان ئوسمانوف تۇغۇلغانلىقىنىڭ 85 يىللىقى،يازغۇچى ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقىغا بېغىشلانغان «ئۇيغۇر تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا سۆز قىلماقتا



# چىنقىش

ھېكايە

*زۇنۇن قادىر*

## 1

مەتنىيازنىڭ قىچىسى مۇشۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ قىچىلىرىدىن خېلى بۇرۇن تېرىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتاپ كىشىنىڭ تېنىنى تونۇردەك قىزىتىدىغان مەزگىلدە پىشىپ قالدى؛ پىشىپ قالدىلا ئەمەس، توغرىسى، ئورىدىغان ۋاقتىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئادەتتە دېھقانلار قىچىنىڭ موسىنى قاتا-قاتماستىنلا ئورۇپ ئېلىشاتتى.

نېمىشقا دېسىڭىز پىشىپ شالدىرلاپ كەتكەن قىچىغا ئورغاق سالغاندا، ئۇنىڭ ئالتۇندەك يالتىراق دانلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ زايە بولۇپ كېتىدۇ. مەتنىيازنىڭ قىچىسى مانا شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. خەير، قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈن قىچىغا ئورغاق تېگىپتۇ. قىرىقچە ئورۇنغا بىر تۇتام-بىر تۇتام قىلىپ تىزىپ قويغان ئۆنچىنى ئەگەر چىڭ قىلىپ باغلىسا، ئىككى-ئۈچ باغ قورايچىلىك بولىدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئىش داۋام قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ ھەسرەتلىك يېتىم ئېتىزنى خۇشال قىلىپ ئىشقا كىرىشكەن ئورمىچى تۆت سائەتتىن بېرى يوق، ئۇ، نەگە كەتكەندۇ؟

يېڭىدىن ئېگىزغا ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىمسەن يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك چىمىرلاپ تۇرىدۇ. ئېرىقنىڭ ياقىسىغا ئارقانلاپ قويغان ئات ئوت چىشلىمەستىن تىنماي بېشىنى سىلكىمەكتە. ئاشلىقلار ئىچىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاران قوزغىلىۋاتقان ئىسسىق شاماللار ھۇرۇنلۇق بىلەن خېلى يەرلەرگىچە ئېلىپ كېتىدۇ. «چىج-چىج-چىج» قىلىپ تىنماي كېلىۋاتقان بۇ ئاۋازلار مەتنىيازنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرىدۇ. ئاپتاپتىن قېچىپ يوغان قېرى چېقىر ئۈجمىنىڭ سايىسىغا كېلىۋالغان بولسىمۇ، ھېچ چىداپ بولمايدىغان ئىسسىقتىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدىغان بۇ ئاۋازمۇ ئۇنى قىينايتتى.

— ھە، ھىم، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كېتىدىغۇ مۇنداق ئىسسىقتا، — دەپ غودۇڭشىدى مەتنىياز، ئۈجمىنىڭ شېخىدا قونۇپ تۇرغان توك قاغىغا قاراپ.

ئونلاپ يىللاپ ئۆمۈر سۈرگەن بۇ قېرى قاغا شورلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ كەتكەن تومشۇقىنى كېرىپ، ھەلقۇمىنى لىپىلدىتىپ تۇراتتى. مەتنىياز بولسا، تەر پۇراپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كوكاتقا ئوراپ بېشىغا قويغان، يالىڭاچ دۈمبىسىنى نەم يەرگە چاپلىغان ھالدا ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق تېنىگە چاۋا-چاتقاللار پېتىپ، بېزەك چىۋىنلار بولسا، ئۇ يېرىدىن قوغلىسا، بۇ يېرىگە قونۇپ بىئارام قىلاتتى. مەتنىيازنى بۇ يىل ئەتىيازدىن بېرى جان-جانىۋارلارمۇ، مېھنەتمۇ، مانا ھازىرقىدەك ئىسسىقمۇ قىيناۋاتىدۇ. بۇ ھېچ يالغان ئەمەسقۇ، ئەنە شۇ ھاسىراۋاتقان قېرى قاغا مەتنىيازنى

بوزەك ئەتمىگەنىدى.

يېرىم پۇتلۇق يەرگە قوناق تېرىسا پەقەت 23 تۇپ ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ يەرگە يېرىم چېلەكچە قوناق چاچقان ئىدى. مىڭلاپ-مىڭلاپ دانلار قېنى؟ ئۈجمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتى - دە. قاغىنىڭ پەيسىز لىپىلداپ تۇرغان ھەلقۇمىغا قاراپ يېتىپ مەتنىيازنىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى.

— قاناتلىرىڭ كۆيۈپ كەتسۇن؛ ھارام تاماق!

— دېدى ئەلەم بىلەن. ئۇنى كۆزۈمۇ كۆرمىسۇن، دېگەنىدەك قىلىپ، دوم ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ پات-پات يۇمۇلۇپ قالسىمۇ، خىيالىنى ئورىۋالغان پۇشايمان ۋە ئېغىر ھەسرەتلەر، بۇنى ئاز دەپ چىۋىنلارنىڭ گىژىلداپ غىدىقلاشلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا ئارام بەرمەيتتى. مەتنىياز ئۇسساپ كەتتى. ئۆپكىسى قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن لەۋلىرىنى يالاشقا باشلىدى. ئۇ قىرىق ياشقا كېلىپ بۈگۈنكىدەك تەشنالىق ئازابىنى تارتمىغانىدى. تەشنالىق ھېلىقى بىر كۆرۈپ ئۆتكەن قىچىغا ئورغاق سېلىش بىلەن باشلانغان. مەتنىيازنىڭ تەلىيىگە يېقىن ئەتراپتا ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۇمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆسكىلەڭ ئوتلار قاپلىۋالغان ئېرىق ئويمانلىرىدىكى توختام سۇلارنى ئىچىۋېرىپ ئېغىرلىشىپ كەتتى. تەشنالىققا كىم چىدايدۇ. سۇ ئىچىش كېرەك ئىدى. بىراق مۇشۇ تۇرقىدا ھېلىقى توختام سۇلارمۇ ئىسسىپ كەتتى. چوڭ ئۆستەڭگە باراي دېسە، بۇ پېقىرغا قىزىق ئاپتاپتا ئالتە-يەتتە يۈز مېتىر يول مېڭىش كېرەك. مەتنىياز بولسا، ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇ، شەھەردىن يېزىغا چىقىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى. مېھرىبان مەرھۇم ئانىسىنى يادىغا كەلتۈردى. يالغۇز ئوغۇل بولغىنى ئۈچۈن ئانىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق بولۇپ، ئەركە ئۆستۈرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەتنىيازغا دېھقانچىلىق ئىشىغا كىرىشكەن بىرىنچى يىلى زەي، سايىن يەردە يۇمشاق قۇرۇتتەك مىدىرلاپ ئۆتكۈزگەن يىللارغا، يەنى قىرىق يىللىق ئۆمرىگە ھېچ ئوخشىمايتتى. «بۇ مۇشەققەتلىك دۇنياغا نېمىشقىمۇ تۇغۇلغاندىمەن؟ كاشكى كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتسەمچۇ، بۇ دەردلەرنى تارتماس ئىدىم» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇ يېڭى دېھقان مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ھەممىشە خىيال قىلسىمۇ، لېكىن ئۆيلىنىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقىدەك ئۇسسىغان چاغدا سوغۇق چاي ئەكېلىپ بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان خوتۇنىمۇ يوق. دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان ئات، كالا ھەم قوش جابدۇقلىرى، ھەتتا تۇخۇم بېرىپ تۇرىدىغان بىرەر توخۇسىمۇ يوق. پەقەت دېھقانچىلىققا كېرەك بولىدىغان ئەپچىل بىر دانە كەتمىنى، بۈگۈن بىرىنچى قېتىم قىچا ئورۇشقا ئىشلەتكەن ئەنە ئاۋۇ باش تەرىپىدە تۇرغان ئۈجمە ياغىچىغا سانچىقلىق بىر دانە ئۆتكۈر ئورغىقى ۋە ئىككى دانە تاغىرى بار. ئەمما دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يېرىك جابدۇقلىرى بولمىغان بىلەن يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق بىر مۇنچە جابدۇقلىرى بار ئىدى.

سىلەر مۇشۇ يېزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېرىقنى ياقىلاپ ماڭساڭلار كوچا تەرەپتىكى تاملىرى ئۆرۈلۈپ ئوت بېسىپ كەتكەن 5-6 تۇپ ئاچچىق ئۆرۈكى بار، ئوتتۇرىسىدىكى غوللىرى قۇرۇپ قالغان، لېكىن تۈۋىدىن يەنە قويۇق شاخلاپ چىقىۋاتقان كىچىككىنە شاپتۇللۇق باغنى كۆرىسىلەر. باغنىڭ شىمالىدىكى دالىنى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، يالغۇز قالغان بىر ئېغىز ئۆيگە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار: ئوچاقتا داتلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر قازان ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىشى ياتقۇدەك ئورۇن بوش بولۇپ، ئاتىنىڭ توقۇمچىلىق بىر پارچە يىرتىق كىگىز سېلىقلىق. كىگىز يەرگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئەتىمالىم بۇرۇن ئاق بولۇشى كېرەك. لېكىن ھازىر ئۇنداق دېسە ھېچ كىشى ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى چاڭ-توپا ۋە كۆيۈندىلەرنىڭ دەستىدىن قارامتۇل كۈلرەڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۆينىڭ توغرا كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك جابدۇقلار بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ چېچىلىپ ياتىدۇ. قازان بېشى ۋە ئويۇقلارغا بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان تۆمۈر قۇتىلار، دات باسقان سۇنۇق ئۇستىرىلار، ئۇششاق ۋىنتا، گايكا، ئەسكى تاقا ۋە مىخلار تاشلاپ قويۇلغان. ئويۇقتا قېلىن، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭنامە كىتابىدىنمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ. تورۇسنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىسلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئېسىقلىق تۇرغان قول ھەرە، ياغاچ تېشىدىغان ئۈشكە، قېلىپنى تارتىپ چىقىرىدىغان بولجۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆمۈچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن.

مەتنىيازنىڭ تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ھۈنەرلىرىگە قولى كېلىدۇ. ئۇ موزدۇزلۇق قىلسا، ئۆتۈكنىڭ قېلىپىنى ئۆزى چاپىدۇ. بەلچە، بۈرەندە، بىگىز، يىڭنىلەرنىمۇ ئۆزى ياسىۋالىدۇ. ئەگەر ساتىراشلىق قىلسا، ئۇستىرىدىن تارتىپ تا قۇلاق كولىغۇچقىچە بولغان جابدۇقلىرىنى ئۆزى ياسىۋالىدۇ.

ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى ياماپ، داس-چېلەكلىرىنى تۈۋلەپ، سۇنغان لىڭگىرچاق ۋە بۇغا-جاۋەنلىرىنىمۇ تۈزەپ بېرىدۇ.

لېكىن ھەق بەرسە تالاشماي ئالىدۇ. ھېچنەرسە بەرمەي قۇرۇق رەھمەت دەپ قويسىمۇ خۇشال بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىرەر چىنە قايماق چاي ياكى تاماققا قىچقىرىپ قويسىڭغۇ تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن تەمە قىلىپ ھېچكىمنىڭ ئىشىكىگە بارمايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ پايدا-زىيان بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولدى. شۇنداق بولسىمۇ كۆپ كىشىلەر مەتنىيازغا نەرسىلىرىنى ياستىتشقا ئانچە قىزىقمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟

مەتنىيازنىڭ ئەسلى كەسپى ساتىراش، ئۇ ھۈنەرنى شەھەردە دادىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە دادىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئۇن نەچچە يىل داۋام قىلغان. بوششىپ كېتەي دېگەندە قۇلىقىدىن سوزۇپ، بۇراپ-بۇراپ قويىدىغان دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ھۈنىرىنى تاشلاپ، ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكاننى گازىر-پۇرچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى. بۇ تەنزە ئاز كۈندە قۇرۇق بولۇپ قالدى. كېيىن ئەتىيازدا مەتنىياز ئۆزى ياسىغان تۈرلۈك لەگلەكلەر بىلەن يەنە ئېچىلدى. لېكىن بۇ نەرسىلەر بىلەن دۇكان ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگىنى ئۈچۈن ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن دادىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان يېزىدىكى ھېلىقى بىر ئېغىز ئۆيى بار كىچىك بېغىغا كۆچۈپ چىققانىدى. مەتنىياز ھەر نەرسىگە زېھىن قويۇپ يۈرگەنلىكتىن كۆزى كۆرگەنلا ئىشنى قىلالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساتىراشلىقتىن باشقا ھۈنەرلەرنى دېھقانلارنىڭ ھاجەت بولۇشىغا قاراپ تەجرىبىگە ئۆز-ئۆزىدىن ئۆگىنىۋالغان. بىراق، باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرالمايتتى. ئەگەر ئۇ ئاندا-ساندا بىر ئىشنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يىگىرمە-ئوتتۇز قېتىم ئۈزۈلۈپ، تاشلىنىپ، ئىگىسى زېرىكمەي كېلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۈتكەن ئىش بولاتتى. بىر دېھقان مەتنىيازغا ئېرگولو ھارۋىنىڭ بىر چاقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالتە ئاي داۋامىدا قاتراپ يۈردى. بىرنەچچە قېتىم يالۋۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم تىللىدى. مەتنىيازنى تىللىساڭمۇ، ياخشى گەپ قىلساڭمۇ ھېجىيىپلا تۇرۇۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچ كىشى ئۇرۇشالمايدۇ-دە، ئەلۋەتتە.

ھەر ھالدا بۇ دېھقان مەھكەم تۇرۇۋالغانلىقتىن چاق پۈتۈپ كەتتى. مەتنىياز بەزى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا باش چۈشۈرتكەن كىشىنىڭ ئالدىراش ئىشى بولماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ زېرىكمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال ئۇن بەش مىنۇتقىچە قۇرۇق ئۇۋۇلايدۇ. كېيىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىتىپ يەنە ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. بۇ ھەرىكەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چۆرىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ يۇندا ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ. ساتىراش بولسا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋېرىپ، قوللىرىنىڭ توختاپ قالغانلىقلىرىنى سەزمەي قالاتتى، تاكى تاش ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان كىشى:

— ئۇستام چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ، — دېگەندىن كېيىن مەتنىياز يەنە ھۆللەپ ئۇۋۇلاشقا كىرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگىمەس قىسسىلىرىنى داۋام قىلىشقا باشلايتتى.

— پادىشاھى جەمشىت لەيلىۋەشكە ھەممە نەرسىلىرىنى ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئەڭ چىرايلىق خوتۇنى مەلىكە دىلسۇزنى قىمارغا تىكتى. لەيلىۋەش بۇ نازىنىن پەرىزاتنىمۇ ئۇتۇۋالدى-دە، ھى، ھى، ھى... - ئۇ، ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھۇزۇر قىلىپ كۈلەتتى. لېكىن قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن يىغىسىنى ئاجرىتىۋېلىش تەس ئىدى. ئۇنىڭ پىستە كۆزلىرى پۈرۈلۈپ، ئۈچلىرى جاۋغىيىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە شالاڭ سارغۇچ بۇرۇتى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ بېشى سەل ئالدىغىراق ئېگىشكەن، ئۇيقۇغا مايىل مۇلايىم قىياپەتلىك چاقچاقچى ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ھېچكىم ئارتۇق يامانمۇ كۆرمەيدۇ ۋە كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىشلىرىنى كۆرگەندە زاڭلىق قىلىپ كۈلمەيمۇ تۇرالمايدۇ. ئەمما ئۇ باشقىلارنى ۋە ئۆزىنىمۇ ھەجۋى قىلىپ يۈرىدۇ.

كادىرلار يەر ئىسلاھاتىدا مۇشۇ مەھەللىدىكى زومىگەر پومېشچىكنىڭ 550 موچە يېرىنى كەمبەغەل دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى. مانا شۇ يەردىن مەتنىيازغىمۇ يەتتە-سەككىز چارەك ئۇرۇق بارىدىغان بىرىنچى يەر ھېسابىدىكى بىر ئېتىز تەگكەنىدى. 53-يىلى ئۇ قىرىق ياشقا كېلىپ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم دېھقانچىلىق قىلدى. «دېھقانچىلىقنى مەتنىياز قىلدى» دەپ ئېيتساقمۇ، لېكىن ئۇ يەرنى ھەيدەشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

پۈتۈن جانلىققا ھايات زوقىنى قوزغاتقۇچى ئەتىيازنىڭ يېقىملىق شامىلى ئۇچۇپ تۇرغان بىر ئەتىگەنلىكى، مەتنىياز ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ چىرايلىق تەكشى ئېتىزلارنى تاماشا قىلىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. كۈن بارغانسېرى ئىسسىتىشىنى كۈچەيتىۋاتقان نۇرلىرىنى يەرگە سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى. كۆپۈشۈپ

تاۋلىنىۋاتقان ئېتىزلاردىن نەم تۇپىنىڭ پۇرىقى بىلەن شىۋاقنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

قۇشىچە ھەرىكەتسىز ياتقان قۇرت-قوڭغۇزلار ئۇچەكلىرىدىن چىقىپ يېڭىدىن ھەرىكەتكە چۈشمەكتە. ئىسسىقراق جايلارغا قىشلاپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئۇچار قاناتلارمۇ قايتىپ كېلىپ، يازىچە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە. دېھقانلار بولسا، قوش ھازىرلىقىنى جىددىي قىلماقتا. مانا بۈگۈن يېڭى دېھقىنىمىزمۇ ئېتىز قىرىدا تۇرۇپ، «بۇ يەرنى نېمە قىلسام بولىدىكىن؟» دەپ باش قاتۇرۇۋاتقاندا يېنىغا كېلىپ قالغان ھەمرانى سەزمىدى.

— خوش ئۇستام! بۇ يەرنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟— دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ.

— ئوتتۇرىسىنى باغ، چۆرىسىنى تاغ قىلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز ھەمراجان؟— دېدى چاقچاق قىلىپ مەتنىياز.

— بېغىڭىزغا پاتماي قالغان ياۋا چۆپلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىدىكەنسىز-دە، ئۇنداقتا.

— بۆرچى ھالۋىچى بولسا، كۆزنى چاپاق بېسىپتۇ، دېگەندەك بىزگە قالغان ئىش شۇنداق بولماي نېمە بولىدۇ دەيسىز.

مەتنىياز كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقىنى ۋە مەسىمىسلىقىنى قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىۋېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: «مەن دەرەش تۇتسام، ئۇنىڭ ئۇچى ئۆتۈكنىڭ چەمگە كىرىپ ئۇخلاپ قالىدۇ» دەيتتى. ھەمرا مەتنىيازنىڭ شۇنداق ئوچۇق كۆڭۈللۈكىنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرىنى دائىم تەنقىد قىلىپ، جىددىيرەك ئىش قىلىشقا ئۈندەيتتى.

— قولىڭىزدىكى چاشقان ماياقلىرى سوۋۇپ قالدى. ئاغزىڭىزغا سېلىۋەتسىڭىزچۇ،— دېدى ھەمرا، مەتنىيازنىڭ خېلىدىن بېرى چەكمەي ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان ناسۋىلىغا شەرەت قىلىپ،— نائۈمىد شەيتاننىڭ ئىش، بۇنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز.

مەتنىياز ناسۋالنى كالپۇكىنىڭ ئاستىغا سېلىپ ئۇنى تىلى بىلەن تۆۋەنگە باستى. ئورۇنلاشماي قالغان ئىككى دانىسىنى پۈركۈۋېتىپ غەلىتە ئاھاڭ بىلەن سۆزلىدى.

— بۇ يەرنى نېمە قىلسام بولىدىكىن؟ ئالدىغان خېرىدار بولسا، سېتىپ راسا ياغ چاينىۋالايمىكىن-تاڭ.

ھەمرانىڭ ئاپتاپتا پىشىپ، گىردە ناندەك قىزارغان يۈزى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ قوي كۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قويۇق قارا قاشلىرىنى چىمىرلىتىپ:

— پارتىيە كەمبەغەللەرگە يەرنى سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن بەرمىدى، دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن بەردى،— دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق.

— ھە، شۇنداق بولسا، بۇ يەرگە بىر نەرسە تېرىڭ-دە، ھوسۇلنى ئېلىپ ئۇنى يەمسىز ياكى سېتىپ ياغ ئېلىپ چاينامسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى.

— يەنە ئېلىپ ساتىمەن دەپ يۈرگۈچە ياغنىڭ ئۆزىنىلا تېرىمايمەنمۇ،— دەپ خىرقىراپ كۈلدى مەتنىياز.

ھەمرا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاۋۋال چاقچاق دەپ چۈشەندى. كېيىن قىچا تەرمەكچى بولغىنىنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى:

— مەيلى ئۇستام بۇ يەرگە قىچا چېچىڭ،— دېدى ھەمرا قوغۇشۇندەك ئېغىر ئالقىنى بىلەن مەتنىيازنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ:

— مەن ھەيدەپ ئۇرۇقنىمۇ چېچىپ بېرىمەن. سىز بىر چېلەك قىچا تاپسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ.

مانا شۇنىڭدىن بېرى ھەمرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەتنىيازنىڭ دېھقانچىلىقى باشلانغانىدى. ھەمرائۇنىڭ يەتتە-سەككىز چارەكلىك ئېتىزىنى ھەيدەپ قىچا چېچىپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە مەتنىياز بىر پارە توپلەي تىكىپ بەرمەكچى بولۇپ ئۆز-ئۆزىدىن ۋەدە بەرگەنىدى.

مەتنىياز بىر باي دېھقانغا لىڭگىرچاق ياساپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئون قاداق كۆممىقوناق ئالغان. بۇنى يەنە بىر دېھقاننىڭ ئۆتۈكىنى ياماپ بېرىپ بىر پۇتلۇق يەرگە چاچقۇزغانىدى. قوناقلار ئۈنمەي قالدى. ئەمما قىچىسى ياخشى ئايىنىپ، ساپسېرىق گۈللەپ ئۆزىگە خاس بولغان يېقىملىق پۇرىقىنى چاچاتتى. قالغان بىر پۇتلۇق يەرگە بولسا، ياڭيۇ تېرىيمەن، قوغۇن تېرىيمەن، دەپ يۈرۈپ ھېچنەرسە تېرىماي ئاق تاشلىۋەتتى. مەتنىيازنىڭ دېھقانچىلىق توغرىسىدا يازىچە قىلغان ئىشى قىچىغا ئۈچ قېتىم سۇ تۇتۇش بولدى. سۇ تۇتۇشمۇ ناھايىتى ئاسان ئۆتتى. چۈنكى مەتنىيازنىڭ پۈتۈن ئېتىزى پەقەتلا ئىككى ئېچىقتىن سۇغۇرۇلىدىغان بولۇپ، قىچا تېرىلغان جاي بىر ئېچىقتىنلا سۇغا قانغانلىقتىن ئۇنىڭغا جاپا تارتىپ تۇغان سېلىشقىمۇ توغرا كەلمىدى. ئۇ كېچىسى سۇدىن قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچلا قېتىم كۈندۈزى سۇ تۇتتى. ئەمما بىرىنچى قېتىم سۇ ئۇنىڭغا بوي بەرمەي، يوللارغا، باشقا كىشىلەرنىڭ ئېتىزلىرىغا قېچىپ كېتىپ نۇرغۇن ئاۋارە قىلغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ سۇغا، پاتقاقلارغا نەچچە قېتىم يېقىلىپ چۈشۈپ، كىيىملىرى چۆپ-چۆپ ھۆل ۋە لاي ھالدا كىشىلەرگە كۆرۈنمەي ئۆيگە ئاستا كىرىۋالغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ باشقىلىرىنىڭ ئاز-تولا تاپا-تەنىسىدىنمۇ قۇرۇق

قالمىغانىدى. بۇ تەنلەرگە ئۆز لايىقىدا چاقچاق ئارىلاش: «شەيتاننىڭ شاپتۇل يېگىنىگە مەن ھەيران، دېگەنىدەك، بۇ سۇنىڭ باشلىغان ئېتىزدىن ئېشىپ، باشقىلارنىڭ يېرىگە كەتكىنىگە مەن ھەيران-ئۇكا، ھى...ھى...ھى...» دەپ تۈگەتكەنىدى. مەتنىياز كېچىسى سۇدىن قورققان بولسا، مانا ئەمدى قىچىنى ئۆرۈيدىغان ۋاقىتتا كۈندۈزى ئاپتاپتىن قورقۇپ، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئەنە سايىدا ئوڭدا ياتىدۇ.

ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ يىراقتىكى ئېتىزلارغا قارىغانىدى: ھەمكارلىق گۇرۇپپىدىكى دېھقانلارنىڭ بولۇق بۇغدايلىرى باشلىرىنى ئېگىشىپ، ئاپتاپتا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئېتىزنىڭ بىر چېتىدە بىر قانچە كىشىلەرنىڭ تىنىماي قىمىرلاۋاتقانلىقلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى بولۇپ، تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن بۇغدايلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن مۇزاكىرە ئۆتكۈزگەن، بۈگۈن تاڭ يورۇش بىلەن ئۆملۈكتە قىزغىن ئورمىغا چۈشكەنىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئارىلاپ ئويۇن-چاقچاقلىرى، جاراڭلىق ناخشىلىرى ئۇنى بىر چەتتىن ھەيران قالدۇرسا، يەنە بىر چەتتىن بۇ خىل زېرىكىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇ غەمكىن كۆزلىرىنى ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېتىزدىن قاچۇرۇپ، باشقا تەرەپكە تاشلىغانىدى: ئېگىز ئۆسكەن قارامتۇل-يېشىل، كەڭ يوپۇرماقلىق قوناقلارنى، قوغۇنلۇق باراڭلىرىنى، ئېرىق ياقىسىغا بېسىپ قويغان ئوت دۆۋىلىرىنى كۆردى. ئېرىق بويىدىكى چىغىر يول بىلەن بىرنەچچە خوتۇن كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا چېلەك، بەزىلىرىنىڭ مۈرىسىدە خۇرجۇن ياكى يوغان-يوغان بوغما قاپاقلار بار ئىدى. ئۇلار ئەلۋەتتە ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئائىلىلىرىدىكى خوتۇنلار بولۇپ، ئورما ئوروۋاتقان گۇرۇپپا ئەزالىرىغا قايماقلىق ئەتكەن چاي، نان ۋە كېچە قايناتىپ سوۋۇتۇپ قويغان سوغۇق چايلارنى ئېلىپ كېتىپ باراتتى. مەتنىياز ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان قىزىل كۆڭلەكلىك خوتۇننى تونۇدى. ئۇ، ياغلىقىنى چېكىلەۋېلىپ قۇلىقىغا قانداقتۇر گۈللەرنى قىسىۋاپتۇ. ئەتراپتىكى خوتۇنلارغا چاقچاق قىلىپ، ھارغۇچە كۈلدۈرۈۋاتىدۇ. مەتنىياز ھەمرانىڭ سىڭلىسى بۇ خوش چاقچاق ئىززەتخاننىڭ ئەتكەن مەززىلىك تاماقلىرىنى يەپ، قايماقلىق چايلىرىنى بىرقانچە قېتىم ئىچكەن. قېنى مۇشۇ تۇرقىدا ئاشۇ قاپاقتىكى مۇزدەك سوغۇق چاينى ئەكېلىپ بەرسە ئەجەب ياخشى بولاتتى. مەتنىياز تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بىلەن نومۇس يار بەرمەستىن ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن تامىقىغا تىقىلىپ قالغان يامان نەپسىنى باستى-دە، بېشىنى يەنە ئاستا جايىغا قويۇپ ئىززەتخاننى ئويلاشقا باشلىدى. ئىززەتخان ئەجەب كېلىشكەن قاۋۇل چوكان. ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاشلا نامراتلارغا شەپقەتلىك. نېمىشقا خۇدايىم شۇنداق خوتۇنلاردىن بىرەرىنى «ئال قولۇم» دەپ بېرىۋاتمەيدىغاندۇ؛ مەتنىياز ئىززەتخاننىڭ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ئەگمە قاشلىرىنى، قويۇق كىرپىكلىك قوي كۆزلىرىنى، ئاناردەك مەڭزىلىرىنى، كېلىشكەن سۇمباتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئەتىياز ئىززەتخاننىڭ پۇتىنى چىگە بىلەن ئۆلچەۋاتقاندا، تومبۇلاق پاچىقى تېگىپ كېتىپ بىلىكىنى ئىسسىتقۇتەكەنلىكى يادىغا چۈشۈپ بىئارام بولدى، ئۇ ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ يېيىپ قويغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆرگەندىمۇ، ئۆزىدە قانداقتۇر غەلىتە ئىسسىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولىدىغىنىنى بىلەتتى. ھەتتا ئىززەتخانغا تىكىۋاتقان توپلىيىمۇ تېخى ئۇنىڭ پۇتىغا سىپپىلماي تۇرۇپ، ئۆيدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن باشقىچىرەك يېقىملىق كۆرۈنەتتى. پات-پات «مۇشۇنى كىيىدۇ-ھە» دەپ ئالقىنى بىلەن ئاستا سىيلاپ قوياتتى. غۇلجا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن بۇ توپلەينىڭ بۇ راسكارلىقى 4-ئايدا پۈتۈپ، 5-ئايدا قېلىپقا تارتىلغانىدى. چەمى چاپلىنىپ، پاشنىلىرى سوزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى پەدەز قىلىپ قېلىپتىن چىقىرىشلا قالغانىدا تاشلىنىپ قالدى. مەتنىياز توپلەينى مۇشۇ چاغقىچە ئاپىرىپ بەرمىگەنلىكىگە خىجالەت بولۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ خوتۇنلار كەتكەن تەرەپكە ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى.

## 2

مەتنىياز قىچا ئورۇشنى توختىتىپ ئىززەتخاننىڭ توپلىيىنى پەدەز قىلىپ چىقاردى. ئەمدى توپلەينى ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۇنى ئالقىنىغا قويۇپ بىردەم قاراپ تۇردى. ئاجايىپ ياخشى پەدەز قىلىنىپتۇ، قارىماسەن بۇنىڭ پارقىرىغىنىنى! ئۇ توپلەينىڭ تۇمشۇقىنى يىڭنى بىلەن يەنە بىر قاتار سىركەپ، قارىگۈل تېگىپ كەتكەن كىر ياغلىقىغا چەگدى. ياغلىقتىن تەر پۇرىقى، توپلەيدىن بولسا موم پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

كەچقۇرۇن ھەمرانىڭ پۈتۈن ئائىلىسى كاۋا بارىڭىنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ ئاش ئىچىۋاتقاندا مەتنىياز توپلەينى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ھويلىغا كىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ دىمىغىغا يۇمغاقسۈت ۋە پىننە كۆكى سېلىنغان سۇيۇق ئاشنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلىپ

تەگدى.

ھەمرا خۇشال قارشى ئېلىپ:

— ئوھۇ، قېنى-قېنى ئۇستام بۇياققا!-دەپ مەتنىيازنى شىرەگە تەكلىپ قىلدى،— ئاتلىرى ھېرىپ قالغىلى تاس قاپتۇ-دە.

— خوش-خوش مەن قايتاي،— دېدى مەتنىياز توپلەينى سۇنۇپ،— مانى ئېلىپ كېلىۋېدىم.

ئىززەتخان كۈلۈمسىرەپ كېلىپ توپلەينى ئالدى، ھەمرا بولسا مەتنىيازنىڭ قولىدىن تارتىپ جوزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ:

— بۇگۈن قاياقتىن كۈن چىقتى، ئۇستام؟— دەپ سورىدى.

— راستىنىلا مەن ئىپخى قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە پۈتەمدىكىن بۇ توپلەي دەپ يۈرەتتىم،— دەپ چېقىشتى ئىززەتخان. مەتنىياز مۇنداق سۆز ئويۇنلىرىغا جاۋاب بېرىشكە خېلى ئۇستا بولسىمۇ ھازىرقىدەك ئەھۋالدا، بولۇپمۇ ئىززەتخاننىڭ يېنىدا چاقچاق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھېچنېمە دېمەستىن قىزىرىپ ئاش ئىچىۋاتاتتى. باشقىلار بولسا، توپلەينى بىر قاتاردىن كۆرۈپ ماختىشاتتى. ئاخىر ئىززەتخاننىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى ئەركىن بىر پاي توپلەينى ئېلىپ قاچتى. ئانىسى ئۇنى قوغلىغانىدى، قېچىپ بېرىپ مەتنىيازنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالدى.

— بۇنى ماڭا ئەكەلدىڭىز-ھە؟

— ھەئە

— بۇنى مەن كىيىمەن ھە، ھەميا چوڭ دادا؟

— بۇنى ئاپاڭغا بېرىۋەت ئوغلۇم، مەن ساڭا بۇنىڭدىن چىرايلىق قىزىل توپلەي ئېلىپ بېرىمەن.

— ئەكە! جېنىم بالام، ئۆيگە ئەكىرىپ قوياي.

— ھە تازا، ساڭا بېيىمەن.

ئىززەتخان بالىسىدىن توپلەينى تارتىپ ئېلىۋاتقاندا مەتنىيازنىڭ يۈزىگە ئۇنىڭ ئىسسىق ۋە يۇمشاق تىنىقى ئۇرۇلدى. مەتنىياز سىمابتەك تىترەپ كېتىشكە ئاز قالغان تېنىنى ئاران-ئاران تۇتۇۋالدى. ئۇ بۇ ھالەتنىڭ يەنە بىر دەم داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى. بىراق ئىززەتخان توپلەينى بالىسىدىن تارتىۋېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇستام ئانىسىنىڭ پۇرىقى سىڭىپ قالغان بالىنىڭ قولاقلىرىنى پۇراپ ئەركىلىتەتتى. كىچىك بالا بېشىنى سىلىغان ۋە ئۆزى بىلەن سەممىي خۇشخۇي مۇئامىلە قىلغان كىشىلەرگە ئامراق بولىدۇ. ئىززەتخاننىڭ ئوغلىمۇ ئۆزىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرغان بۇ يۇمشاق مۇئامىلىلىك كىشىنى ئوبدان كۆرەتتى.

ئەركىن ئالتە ئايلىق ۋاقتىدا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئانىسى ئۇنى ھەمرالارنىڭكىگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاتا مېھرىگە تەشنا بولۇپ ئۆسكەنىدى. ئىززەتخان بولسا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى تۆت يىل تۇل يۈرىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى ئېرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن يەنە باشقا تۇرمۇش قۇرۇشقا ئانچە قىزىقمايتتى. چىققان لايىقلارنىڭ بىرى ئۇرۇشقاقمىش، دىل ئازارى تارتىمەنمىكىن، بەزىسىنىڭ بالىسى باركەن، بالامنى پاتقۇزماسمىكىن، ئۆگەيلىك بولارمىكىن دەپ ئۇنىماي قوياتتى، ئەمدى مەتنىيازغا كېلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن بۇ توغرىلاردا ئەندىشە قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى، بىراق، ئىززەتخان ئۇستامنىڭ بوشاڭلىق ۋە بىپەرۋالىقىنى يامان كۆرۈپ زاڭلىق قىلاتتى. ئەگەر ئۇستام باشقىلارغا ئوخشاش دادىلىراق بولۇپ، ئەمگەككە قاتنىشىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئىززەتخان ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەييار ئىدى.

ھەمرا ئاش ئىچىلىپ بولغان چىنىلەرنى دەستىلەپ نېرىراق ئىتتىرىپ قويدى-دە، مەتنىيازنىڭ قىچىسى توغرىسىدا گەپ باشلىدى:

— ئۇستام، بۇ نېمە بولغىنى، قىچىنى قاقشىتىپ يەنە تاشلىۋېتىپسىزغۇ؟

— ئورما ئورۇشمۇ ھۈنەرگە ئوخشايدۇ. مەن بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنەلمەيۋاتىمەن.

مەتنىيازنىڭ ئۆزىنىڭ چىدامسىزلىقىنى «ھۈنەر» دېگەن سۆز بىلەن يېپىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ھەمراھ ئۇنىڭغا مىيىقىدا كۈلۈپ قاراش بىلەن:

— بىر تەرەپتىن قارىغاندا، توپ-توغرا، بىر تەرەپتىن قارىغاندا، مۇغەمبەر ئادەم-دە سىز،— دېدى،— ئۇنىڭدىن ئاپتاپقا چىدىمىدىم دەپ توغرىسىنى ئېيتسىڭىز بولمامدۇ.

— ئەمدىغۇ شۇنداق،— دېدى مەتنىياز ھەمرانىڭ دەل ئۇستىدىن چۈشكەنلىكىگە خىجالەت بولۇپ،— ئەمما لېكىن، قانداق ئورۇشتىمۇ گەپ بار ئىكەن. مانا قارىمامسىز،— دەپ ئورغاق كېسىۋەتكەن قولىنى كۆرسەتتى.

ھەمرا ئۇنىڭ قولىغا قارىماستىن زەردە قىلىۋېراق سۆزلىدى:

— ئەلۋەتتە، ئورما ئورۇشنى بىلىش كېرەك. ئۇنى ئاپتاپقا ۋە ئىشقا چىدىغان ئادەم بىر-ئىككى كۈندىلا ئۆگىنىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ خالىسا قىلىپ، خالىمىسا تاشلاپ قويىدىغان سىلىنىڭ پوپۇچ تىكىشلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھازىر بوشاڭلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھەر بىر كۈن ئايلاپ قىلىنغان ئىشلارنى زايە قىلىۋېتىدۇ.

— شۇنداق-شۇنداق، بۇ توغرا، ئەمدى قانداق قىلسام بولىدىكىن؟

— مەن دەۋاتىمەنغۇ! ياپسام پىشامدىكىن، كۆمسەم پىشامدىكىن دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس بۇ، بەلنى چىڭ باغلاپ، ئۇرۇپ، يىغىش كېرەك.

— يىغىشنىغۇ يىغارمىز، راستىنى ئېيتسام تەس كېلىۋاتىدۇ ـ دە.

— ھەي ئۇستام!— دېدى ھەمرا ئېچىنغان قىياپەت بىلەن،— ئاشلىقنى يىغىپ تېپىۋېلىش ئۈنى يېقىتىپ قويۇشتىن ئوڭاي ئەمەس، ھەممىسگە چىدام كېرەك، چىدام.

— غەيرەت لازىم دېسىلە.

— ھە، مانا ئەمدى تاپتىڭىز. غەيرەت كېرەك. ئۈنىڭ ئۈچۈن سەھەر تۇرۇپ، كۈن قىزىغىچە ئورما ئورۇسىز، ئاپتاپ كۆيدۈرەي دېگەندە سېرىق سۆگەت سايىسىغا بېرىپ بىردەم ئۇخلىۋالسىڭىز مەيلى. سالقىن چۈشكەندە يەنە ئورۇسىز. ھازىر بولسا كېچىسى ئايدىڭ. غەيرىتىڭىز جايىدا بولسا، ئايدىڭ كېچىسىمۇ ئورۇسىز. كېچىسى قىچىنىڭ موسىنى پوشكالدەك يۇمشاپ قالىدۇ. ئورۇشقىمۇ ئاسان ھەم دانلىرى ئانچە چېچىلىپ كەتمەيدۇ، ئۆزىڭىزمۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتمەيسىز. شۇنداق غەيرەت قىلىۋەرسىڭىز ھەممە ئىش ئۆز ۋاقتىدا تۈگەيدۇ.

مەتنىياز قىچىنى ھەمرا كۆرسەتكەندەك ئورۇشقا غەيرەت قىلىدىغان بولۇپ ئۆيگە قايتتى. ئۇنىڭ بۇ غەيرىتى ھەمرانىڭ بەرگەن ئورۇنلۇق نەسىھەت ۋە مەسلىھەتىمۇ، ياكى ئىززەتخاننىڭ ھېلىقى بالىسىنىڭ قولىدىن توپلەينى ئېلىش ۋاقتىدا يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەن ئىسسىق نەپىسىمۇ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر يېڭى قىزغىنلىق روھى كىرگەنىدى. بۈگۈن سەھەر قوپۇشنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەل ياتقۇچە مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى ياغاچتا گەپ سېتىشنى قويدى ـ دە، مەھەللىدىكى ھەممە كىشىدىن بۇرۇن يېتىپ قالدى. ئەمما مەھەللىدىكى ھەممە كىشى ئارام ئېلىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە مەتنىياز تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ بىردەم پېشانىسگە يېزىلغان قىچىنىڭ جاپا ئەمگىكى، بىردەم ئىززەتخاننىڭ بايا يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەن شېرىن ۋە ئىسسىق نەپىسى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق جامالىنى خىيال قىلاتتى. بۇ ئاچچىق - چۈچۈك شېرىن خىياللار ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەيتتى. ئاخىر ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ باش توخۇ قىچقارغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى.

مەتنىياز قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمگەنلىكتىن تاڭ سۈزۈلگەندە ئويغىنالمىدى. پەنجىرىدە كۈننىڭ ھالرەڭ نۇرى يالتىراپ، ئۆينىڭ ئىچىدە چىۋىنلار گىژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىغاندا، ئورنىدىن تەسلىكتە تۇرۇپ، يۈزىنى يۇمايلا چايغا ئوت يېقىشقا ئورۇندى. ئۇ بۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ ئاللىقاچان ئىشقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ شۇلارغا ئوخشاشلا بىرىنچى قېتىم قاتتىق ئىشقا كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىغان كۈنى ۋاق قالغانلىقىغا ئۆكۈندى. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ، يەنە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرالايدىغانلىقىغا ھەيرانمۇ بولدى. «ھە ـ راست، ئۇلاردا غەيرەت ئۈستۈن» دېگەن ئويغا كەلدى. بۇ يېڭى دېھقان تاڭ سەھەردە تۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن؛ ئۇ ھەر كۈنى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە كۆزىنى ئېچىپ يەنە ئىككى سائەتچە خىيال سۈرۈپ قوپالماي قالاتتى. ھەر ھالدا بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئەتىگەنرەك تۇرغىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇشىمىز كېرەك. ئۇمۇ ئەنە ئىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. ئوتنى چاققانىراق تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن تىنماي پۈدەپ ئاچچىق ئىسنىڭ دەستىدىن كۆزىدىن ياش ئاقماقتا.

— ئەبەدىي يانماي كېتەرسەن ئىلاھىم!— دەپ غودۇڭشىدى ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ، مانا چاي قاينىتىشتىنمۇ كەچتى ـ دە، ھېلىقى توپلەينى چىگكەن ياغلىققا بىر پارچە قاتتىق ناننى ئوراپ قولتۇقىغا قىستى ۋە قولىغا ئورغاقنى ئېلىپ ئېتىزغا كەتتى. ئۇنىڭ كەشى پۇتىنىڭ سوڭىغا يۇمشاق ـ يۇمشاق ئۇرۇلۇپ كېتىپ باراتتى. كەش ئۆز ئىگىسىنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈلگەندەك شاقىلداپ قوياتتى.

ئەتىگەن يۇرۇشۇپ تۇرغان سالقىن شامال ئاللىقاچان توختاپ قالدى. كۈن ئۆرلىگەندىن كېيىن، بوۋايلار سۆزلەپ يۈرىدىغان بۇغا تىنچىقى يەنە باشلاندى. دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ئۈچىدىكى يوپۇرماقلىرىمۇ قىمىرلىماي جىم تۇراتتى. مەتنىياز بىرىنچى قېتىم ئورمىغا كىرىشكىنىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن خېلى غەيرەت قىلغانلىقى ئۇنىڭ بىلىنى ئالالمىغانلىقىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي، كاساپەت ھەجەپ ئاغرىيدىكىنا!— ئۇ ئىككى بىقىنىنى قاماپ تۇرۇپ، گەۋدىسىنى تۈزلىدى. بىرنەچچە مىنۇتقىچە بېلىنى ئۇۋۇلاپ ئورغاقنى يەنە قولىغا ئالدى. بۇ ئورمىچى شۇنچىلىك غەيرەت قىلدىكى، مۈكچىيىۋېرىپ بېلى ئاغرىغاندىن كېيىن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، گاھىدا تىزلىنىپ يۈرۈپ ئورما ئوردى، مەيدە ۋە غولىدىكى چوڭقۇرلۇقنى بويلاپ تەر شۇرقىراپ ئاقاتتى. ھۆل بولۇپ چاپلىشىپ قالغان كۆڭلىكىنى تېنىدىن سويۇپ ياقىسىدىن تۇمشۇقىنى تىقىپ پۈدەيتتى.

قېشىنى بويلاپ تىنىماي ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سىرىپ قولىنى سىلكىتەتتى. ئاخىر تامىقى قۇرۇپ ئۇنىڭ مىدىرلىغۇچىلىك دەرمانى قالمىغاندىن كېيىن، بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا ئۈجمە سايىسى تەرەپكە كەشىنى سۆرەپ ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ ئۆيىنىڭ ئورنىچىلىك يەردىكى قىچىنى ئورغانىدى.

تاڭ بىلەن بۇغداي ئورمىسىغا چۈشكەن هەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكى دېهقانلارنىڭ هەر بىرى بولسا شۇ پەيتتە ئۇنىڭدىن ئون-ئون بەش هەسسىگىچە ئوشۇق جاينىڭ بۇغدىيىنى يىقىتىپ بولدى.

هەمرا چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا مەتنىيازنىڭ ئېتىزىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئەهۋالىنى كۆرۈپ قايتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن هەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىغا بۈگۈن ئايدىڭ كېچىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قىچىسىنى ئورۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. كۆپچىلىك هەمرانىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ: «بولىدى، ئۇنى بىردەمدىلا ئورۇۋېتىمىز» دەپ ۋەدە بېرىشتى، لېكىن بىر كىشى نارازى بولۇپ غودۇڭشىپ بارالماسلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بولسا، «قوشنى ئەڭ ئاۋۋال مېنىڭ يېرىمگە سالمىدىڭلار»، «مېنىڭ ئېتىم سېمىز ۋە هارۋامنىڭ جازىسىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن كەڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلاردىن ئارتۇق نومۇر بېرىسىلەر» دەپ تۈرلۈك ئۇششاق چاتاق چىقىرىپ يۈرىدىغان سېپىتئاخۇن ئىدى. ئۇ ئۇششاق گەپ ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن مەزە ئالاتتى. ئۇ هەمرانىڭ رەهبەرلىك ئىشلىرىدىنمۇ بىر قانچە قېتىم ئورۇنسىز چاتاق چىقىرىپ لەت بولغان.

بۇ هەمكارلىق گۇرۇپپا سەككىز ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئالتە ئائىلە كەمبەغەل، ئىككىسى ئوتتۇرا دېهقان، پەقەت ئوتتۇرا دېهقان سېپىتئاخۇندىن باشقا هەممىسى يەر ئىسلاهاتىدىن يەر تەقسىم قىلىۋالغان. كەمبەغەل دېهقان هەمرا گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، مۇشۇ يېزىدىكى دېهقانلار بۇ هەمكارلىق گۇرۇپپىنى «هەمرا گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتايتتى. هەمرا ئىشچان، توغرا، سالماقلىق بولغىنى ئۈچۈن گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۇنى ناهايىتى ياخشى كۆرىدۇ، گۇرۇپپا بۇ يىل قۇرۇلۇپلا يەرلىرىنى ياخشى ئىشلەپ تېرىمنى هەممىدىن ئاۋۋال، ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزدى. ياز بويى گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىشتا ۋە بىر-بىرلىرىنىڭ ئائىلە هاياتىدىمۇ ئىناقلىق بىلەن هەمكارلاشتى. پەقەت سېپىتئاخۇنىڭلا تېرىم ۋاقتىدا كۆرسەتكەن كۆزى كىچىكلىكىنى هېسابلىمىغاندا يېزىدىكى دېهقانلارغا يامان تەسىر بەرگۈدەك چاتاق چىقمىغانىدى. هازىرمۇ مەتنىيازغا كىچىككىنە ياردەم قولىنى سوزۇپ قويۇش تەكلىپى سېپىتئاخۇنغا ياقمىغانلىقى گۇرۇپپا ئەزالىرىنى هېچقانداق تەۋرىتەلمىدى. گۇرۇپپىدا هازىر ئورما ئورۇۋاتقان ئونبەش ئەمگەك كۈچى بار ئىدى، ئۇلار (سېپىتتىن باشقىسى) ئون تۆت كۈنلۈك ئاينىڭ سۈتتەك يورۇقىدا مەتنىيازنىڭ قىچىسىنى هەش-پەش دېگۈچە ئورۇۋېتىپ كېتىشتى.

**X**

قىزغىن ئىش ۋاقتى كەلدى. دېهقانلار ئەتىدىن تا كەچكىچە دانلارنى ئوت-سامان ۋە توپىدىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن چېلىشماقتا، ئەنە ئاۋۇ خاماندا هەمرا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بۇغداي سورۇۋاتىدۇ، سامان كەينى-كەينىدىن هاۋاغا فونتاندەك ئۇرغۇپ چىقماقتا. مارجاندەك دانلار بولسا، دېهقانلارنىڭ ئالدىغا شارىلداپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۈگۈن گۇرۇپپىدىكى دېهقانلارنىڭ خوتۇن ۋە ئىشقا يارايدىغان باللىرىمۇ خامان يېنىدىكى قوناقلىققا يىغىلغان، ئۇلار ئىززەتخاننىڭ باشچىلىقىدا، ئېتىزدا ياڭرىتىپ ناخشا ئېيتىشىپ قوناق ئۈزۈۋاتىدۇ. بۇ ئۆملۈكتىكى قىزغىن هەرىكەت، ئىشنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

شۇ پەيتتە مەتنىيازمۇ، تۆت باغ قىچىنى ئارغامچىدا باغلاپ يېقىن ئارىدىكى خامانغا كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئارغامچا ئۇنىڭ مۈرىسىگە پاتقانسېرى مۈكچىيىپ، قىچا ۋە ئارغامچىلارنى تىللايتتى. پات-پاتلا كۆتۈرگەن يۈكىنى يەرگە قويۇپ ئۈستىدە ئولتۇراتتى-دە، قوناقلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ناخشا، ئويۇن-كۈلكە ئاۋازلىرىنى تىڭشاپ، شۇ يەرگە بارغۇسى كېلەتتى. «مۇشۇ دەردىسە قىچىنى يىغىۋېلىشتىن مىڭ مەرتىۋە كەچسەم نېمە بولىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ تويغۇچە پاراڭ سېلىشىپ چاقچاق قىلىشىپ بىللە ئىشلىسەم قانداق ياخشى» دەپ ئويلىدى. ئۇ هەمكارلىق گۇرۇپپىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئانچە خالىمايتتى، چۈنكى جىددىي سۈرۈپ ئىش قىلىش ئۇنى چۆچۈتەتتى.ئىشلىگەندە ئىشلەپ، ئۇخلىغاندا ئۇخلاپ ئۆز ئەركىم بىلەن يۈرەلمەيمەن، دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئۇ بارغانسېرى كىشىلەر ئۆملىشىپ ئىشلىگەندە ناخشا، چاقچاق ۋە ئويۇن-كۈلكىلەر بىلەن ئىشنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا قىزىقىپ قالدى.

سىلەر مەتنىيازنىڭ يۇقىرىدىكى قىلىق ۋە ئويلىرىنى زاڭلىق قىلامسىلەر، مەيلى باشقا خىل هۆكۈم چىقىرامسىلەر، قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر مەن سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلماسىدىم، بىراق بۇنىڭ كېيىنكى قىزىقىپ قېلىشى بىلەن باشقا ئويلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، كوللېكتىپ مېهنەتنىڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىدىن

بىرى مېھنەتنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە قاراپ ئۆرلەپ بېرىشى، كىشىلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈلۈكى بولمىسا ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ.

ھازىر مەتىنيازنى يالغۇزلۇق، روھىي چۈشكۈنلۈك، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ئىنجىق ئەھۋال بەزدۈرۈپ، كوللېكتىپ مېھنەت قويىندىكى زوق ـ شوخ قىزىقتۇرغاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشىنى زاڭلىق قىلغىلى بولامدۇ؟ يوقسۇ، ياخشى ئويلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

كۆز ياخشى كېلىپ، بۇ يېزىنىڭ ھەممە دېھقانلىرى ئاشلىقلىرىنى زايە قىلماي ئېلىپ بولدى. پەقەت بەزگەككە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر يەككە دېھقان بىلەن مەتىنيازلا ئاشلىقىنى خېلىلا زايە قىلىۋېتىپ، يىغىشتۇرۇۋالغان بولدى. مەتىنيازنىڭ قىچىسى ئورۇش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، بىر مۇنچە چېچىلىپ كەتتى. كېيىن ئۇ قىچىنىڭ تەگدىن تولىسىنى باغلاپ خامانغا توشۇغان بولسا، قالغان قىسمىنى ئارغامچىغا نىقتاپ باغلاپ كۆتۈرگەندە ئۇنىڭ باسقان يېرىگە قىچا تېرىلىپ كەتتى. باغلانماي قالغان بىر قىسىم قىچىنى بولسا، موزاي ـ توپاق، كېيىنرەك كالىلار كېلىپ چەيلەپ، ئۇنىڭ ئىشىنى چاپسانلاشتۇرۇپ تۈگەتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىرنىڭ يىگى دېھقان بۇ يىل ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقى بىلەن مەھەللىدە خېلىلا سۆز ـ چۆچەك ۋە كۈلكىگە قالدى.

### 3

ئۆتكەن يىلى بەزى ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىچىدە ئۇلاقلىرىغا تايىنىۋېلىپ ئۆزى يېنىكرەك ئىش قىلىشقا ئۇرۇنۇش، يالغاندىن ئاغرىۋېلىپ ئىشقا چىقماسلىق ياكى ئۆز ئورنىغا كىچىك باللىرىنى چىقىرىپ قويۇش، باشقا ئەزالارنىڭ ئىشىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا چالا ئىشلەش، ئۆزىنىڭ ئۇلىقىنى ئاياپ، باشقىلارنىڭ ئۇلىقىنى ھەددىدىن تاشقىرى ئىشلىتىش، ئاياللارنىڭ ئەمگىكىنى كەمسىتىشكە ئوخشاش ئەھۋاللار بولۇپ ئۆتكەنىدى. ھەمرا گۇرۇپپىسىدا بولسا، ھەر بىر ئىش خەلقچىللىق ئاساسىتا ھەممىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ھەم پىلانلىق، بىر ـ بىرىگە ھەق قايتۇرۇشتا ئادىللىق بىلەن باردى. شۇنداق قىلىپ بۇ گۇرۇپپا مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئىتتىپاقىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن باشقا ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارغا ئۈلگە بولدى. مانا ئەمدى ھەمرا گۇرۇپپىسى قىشچە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دائىمىي يىللىق ھەمكارلىشىپ ئىشلەش گۇرۇپپىسىغا ئايلاندى.

مەتىنيازنىڭ قىزىقىشىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ھەمرا ئۇنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى، ھازىر بولسا، كۆپچىلىك ئەزالارنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مەتىنيازنى دائىمىي ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا قوبۇل قىلدى؛ لېكىن ئۇنىڭ گۇرۇپپىغا قوشۇلۇشى بىلەن ھەمرانىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى.

«ھەمرا تۇل سىڭلىسىنى مەتىنيازغا بېرىش ئۈچۈن ئۇنى يۆلەۋاتىدۇ»، «ھېچقانداق دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغان جابدۇق ياكى بىرمۇ ئۇلىقى يوق، ئۆزى بولسا ئەمگەككە يارىمايدىغان ئادەمنى گۇرۇپپىغا ئېلىشتا بىرەر باشقا غەرەز بار ـ دە، ئەلۋەتتە»، «گۇرۇپپىدىكى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھۆرۈنغا قۇربان قىلىپ بەرمەكچى». مانا بۇنداق گەپلەر گۇرۇپپىدىكى بەزى ئەزالارنى ھەمرانىڭ ئادىللىقى توغرىسىدا ئىككىلەندۈرۈشكە باشلىدى.

پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە دېھقانلارنى تەشكىللەشتۈرۈشكە تىنماي ئىشلەۋاتقان كادىرلار ھەمراھ باشچىلىق قىلغان گۇرۇپپىنى كوپېراتىپقا ئايلاندۇرۇشنى نىشانلاپ تەربىيەلىمەكتە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان باش كادىر تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. ئەسلىدە بۇ گەپ ـ سۆز تەشۋىشلەرگە سېپىتئاخۇن سەۋەبچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ بىر ياقتىن، كادىرلارغا بىرنى ئون قىلىپ سۆز توشۇپ كېلەتتى.

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كۈن ئىسسىپ يېزىنىڭ كوچىلىرىدا ئەگىز ئېقىشقا باشلىدى. قىشچە قارنىڭ ئاستىدا ياتقان يوپۇرماقلار سەمرىپ ئالمىلىق باغلاردىن خۇشپۇراقلار قوزغالماقتا. نەملەشكەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ پۇراقلىرى كوچىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ سۇس پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، يېزىنىڭ ھاۋاسىدا ئەجەپ يېقىملىق پۇراق ئەگىپ يۈرەتتى.

ھەمرا يەنە ئىككى دېھقان بىلەن ئۈچ ھارۋىدا ئېتىز تەرەپكە قىغ توشۇۋاتاتتى. ئۇلار مەھەللىنىڭ چېتىگە كەلگەندە سېپىتنىڭ ھويلىسىدىن قولىدا تۇرتەكلىۋالغان قەغىزى بار دومبۇلاق يۈزلۈك بىر يىگىت چىقىپ، ھەمرانىڭ يېنىغا ئىتتىك مېڭىپ كەلدى. بۇ بايىقى تەشۋىشلىنىپ قالغان ياش كادىر ساۋۇتجان ئىدى.

— ھەمراكا قولىڭىز بوشىغاندا بىز تەرەپكە بارسىڭىز، بىرئاز سۆھبەتلەشسەك، — دېدى ساۋۇتجان.

— بولىدۇ، سۆھبەتلىشەيلى، — دېدى ھەمرا كۈلۈمسىرەپ، — بۇگۈن ئېرىقنىڭ قىرلىرى ئېچىلىپلا قالدى. قارنىڭ جىنىمۇ ئاز قالسا كېرەك. ھارۋىغا چىقمامسىز، ئېتىزلارنى كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ؟

ساۋۇتجان قارشىلىق قىلمايلا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا چىقىپ ئولتۇردى. ھارۋا مەھەللىدىن چىقىپ ئېتىز تەرەپكە بۇرۇلدى. ئالدىدىكى ئىككى ھارۋا خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، كەڭ دالادىكى ئېغىرلىشىپ، كۆكىرىپ سۇغا ئايلىنىشقا ئاز قالغان قار دېڭىزىنى تاماشا قىلىۋاتقان ساۋۇتجان ھەمراغا قارىماستىنلا سۆز باشلىدى:

— ئۆتكەن يىل ھوسۇلنى خېلى ئوبدان ئالدىڭلار، ئەمدى بۇ يىل دائىمىي يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ مول ھوسۇل ئېلىشتا ئۈلگە بولساڭلار ناھايىتى ياخشى بولاتتى-دە.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ھەمراھ قارلىق يولدا ھارۋىنى كۆچەپ تارتىۋاتقان ئاتنىڭ بوجىسىنى سىلىكىپ، — پارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىمىز سىلەردەك كادىرلارنى چىقىرىپ ياردەم بېرىپ تۇرغاندا، مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن بىزمۇ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئىشلەيمىز-دە، ساۋۇتجان.

— سىزغۇ ئىشلەيسىز.

— باشقىلارچۇ؟

— باشقىلارمۇ ئىشلەيدۇ. لېكىن مەتنىيازنىڭ سىلەرگە قوشۇلۇشى ياخشى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ھەمرا.

— ئۇ ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختىپەز بىر ئادەم ئىكەن

ھەمرانىڭ بىر قېشى سەل كۆتۈرۈلۈپ يۈزى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ ئادەتتىكىدىن ئۆزگەرگەن ئاھاڭ بىلەن:

— مەتنىيازغا بەرگەن بۇ باھايىڭىز ئانچە توغرا بولمىدى، — دەپ بېشىنى چايقىدى، — ئۇ بارغانسېرى ئەمگەكتە چېنىقىۋاتىدىغۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ نېمە ئىشقا ياراۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك. ھەقىقەتتە ساختىپەز بولسا، قۇرۇق رەھمەت ئۈچۈنلا ئىشلىمەي كىشىلەرنى ئالداپ كەتكەن بولاتتى-دە.

— ھە، ئۇ سىزگىلا شۇنداق كۆرۈنسە كېرەك ھەمراكا، — دەپ ساۋۇتجان ياسىما سىپايىلىك بىلەن زاڭلىق ئارىلاش كۈلدى.

— نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دەيسىز؟

— ئۆتكەن يازدىن بېرى ئۇنىڭ نېمە قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇمغۇ، — ساۋۇتجان ئىجتىمائىي ئىشلاردا تېخى تولۇق چېنىقمىغانلىقتىن بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەرگە باھا بېرىشتە ۋە مەسىلىنى تەھلىل قىلىشتا، يېتەرلىك خۇلاسە چىقىرالماي قالاتتى. مانا ھازىرمۇ مەتنىياز توغرىسىدىكى مەسىلىدە ئۈچ كىشى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قانداق باھالارغا ئىگە بولۇشتى. بىرىنچىدىن، سېپىتئاخۇن مەتنىيازنىڭ قىلمىشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ھەم ئۇنىڭ دائىمىي يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا قوشۇلغىنىغا بولغان نارازىلىقلارنى يەتكۈزۈپ، سەممىيەتلىك بىلەن گۇرۇپپا مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىۋاتىدۇ. ھەمرا بولسا مەتنىيازنى غەرەزلىك ھىمايە قىلىپ، ئۇنى ياساپ تونۇشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنىڭغا قۇربان قىلىپ بەرمەكچى. مەتنىياز ئۆزى بولسا ھەقىقەتەن ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختىپەز، تەييارتاپ بىر كىشى. بۇ خۇلاسىگە دەلىل بولغان ئىشلار مانا مۇنداق ئۆتكەندى:

ئۆتكەن يىل مەتنىياز دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۇلىستىدە ئىككى كەمچىلىك ئۆتكۈزدى، بىرى تېرىش، ئورۇشتىمۇ ياردەم بولۇپ تۇرغان ھالدا، بۇرۇنقى بوشاڭلىقى بىلەن قىچىنى بىرمۇنچە زايە قىلىپ يىغىۋالدى، بۇنى پۈتۈن كىشى بىلىدۇ. ئىككىنچى، دېھقانلار چوڭ ئۆستەڭنى رېمونت قىلىشقا ماڭغاندا مەتنىياز قاملاشمىغان بىر ئىش ئۆتكۈزۈپ قويدى.

ئاشلىقلار يىغىلىپ بولۇپ ئېرىق-ئويمانلارنى ساپسېرىق غازاڭ قاپلىۋالغان كەچكۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى مەھەللىدىكى پۈتۈن دېھقانلارنى ئۆستەڭ چېپىشقا چاقىردى، شۇ كۈنى مەتنىيازمۇ كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇ قەدىمىنى بارغانسېرى چاپسانلىتىپ كۆپچىلىكتىن خېلى ئۇزاپ كەتتى-دە، تام ياقىسىدىكى پاكار-پاكار قويۇق ئۆسكەن ئۆرۈك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالدى. ئارقىدا كېلىۋاتقانلار يۈز قەدەمچە نېرىدىنلا ئۇنىڭ شاخ ئارىسىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ھېچكىم ئۇنى ھېچقانداق ئىزدەپ ئاۋارە بولماستىنلا كۆرۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى: ئۇ، ئۆرۈكلۈككە سۈڭگۈپ كىرىۋاتقاندا ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلار تەتۈر ئۆرۈپ، «مانا مەتنىياز مەيەردە» دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان بۇ ئەخمىقانە ئويۇنى ئۆستەڭگە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن خېلى كۈلكە بولدى.

— ھوي مەيەردە سېمىزلا بىر قوي ئۆلۈپ قاپتىغۇ، — دېدى كەكە ساقال بىر چاقچاقچى مەتنىيازنىڭ جۇۋىسىنى كۆرسىتىپ.

كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— «تويتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر»، بۇ ھەمراھلىرىدىن قاچقان قوي بولسا كېرەك. بىچارىنى بىر نېمە بوغۇپ قويۇپتۇ-دە.

— ھاي-ھاي توختاڭلار! سىلەر بۇنى قوي دەيسىلەر مۆرىسىدە كەتمەن تۇرىدىغۇ بۇنىڭ؟

— دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىۋاتقان قوي بولسا

كىرەك .

— ھەي، تىرىك ئىكەن، مىدىرلاۋاتىدۇ.

مەتنىياز تىكەنلىك شاخلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ، ئارقىسىچە سىلكىپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەستاغپۇرۇللا، غەلىتە ئىش بولدى ـ دە، مۆكۈۋالسام كۆرۈپ قالدىڭلار، — دېدى خىجالەت بولۇپ، ھىجىيىپ يۈزىنى تۆۋەن قاراتتى.

— ئەيىب سىلىدە ئەمەس، ئۇستام! — دېدى ھېلىقى كەكە ساقال تۆمۈر، — ئەيىب ماۋۇ جۇۋىدا. جۇۋا سىلىنى قوي سۈرىتىدە قىلىپ يۇسكايىتىپ كۆرسىتىپ قويمىغان بولسا، بىز ھەرگىز تاپالمايتتۇق. خوش، بۇ نېمە قىلغانلىرى مەتنىياز ئاخۇن؟

— ئەمدى ـ ئەمدى قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ... راستىنى ئېيتقاندا بىز ئەيىبلىك، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ.

باياتىن بېرى يول بويىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان سېيىتئاخۇن مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ توپنىڭ ئالدىغا يورغىلاپ ئۆتۈۋالدى ـ دە:

— ھە، ئۇقۇلدى. مەتنىيازنىڭ بۇ قىلىقى ئويۇن ئەمەسكەن، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىشكەن ـ دە، بۇ نېمىدېگەن ساختىپەزلىك؟ ھە، مانا قاراڭلار؟! — دېدى.

— شۇنداق، ھېچ قاملاشمىغان بىر ئوي مېڭەمگە كىرىپ قالدى ـ دە، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۆكۈۋالدىم.

— ئەمدى بۇنى نېمە قىلىش كېرەك؟ — دېدى سېيىتئاخۇن مەتنىياز تەرەپكە قولىنى سوزۇپ.

— مۇساپىرنىڭ كۆچۈكىدەك بوينىمىزنى ئېگىپ تۇردۇق، نېمە قىلساڭلار ئىختىيار سىلەردە، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ بوينىنى ئەگكەن ھالدا.

— قېنى كەتمەننى دولىغا ئالسىلا ئۇستام، — دېدى كەكە ساقال تۆمۈر، — مۇساپىرنىڭ كۆچىكىمۇ، بۆرە تالىشۋەتكەن قويمۇ بولمىسىلا، ئۆستەڭ چېپىشتا نەمۇنىچى بولۇپ، بۇ كەمچىلىكنى ئىش بىلەن يۇسىلا بولىدى. بىز سىلىنى چىلك ـ چىلك كەتمەن چېپىشتىن باشقا نەرسىگە دالالەت قىلالمايمىز.

شۇ چاغدا مەتنىياز كۆپچىلىك بىلەن ئۆستەڭگە بېرىپ، ئون كۈن ئىشلەپ كەلگەنىدى. ئۇ نەمۇنىچى بولالىغىنى ئىشلىمىگەن بولسىمۇ، غەيرەت قىلىپ ئوتتۇراھال ئەمگەك قىلالايدىغان بىر كىشىلىك كەتمەن چاپتى ھەم زەمبىل كۆتۈردى. ئۆزىمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىشنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ قىزىقىپ ئېچىلىپ، گەپتە ۋە قىزىقچىلىقتا ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

ئەنە، مەنىيازنىڭ قىلمىشلىرى دەپ ئاتالغان بۇ ئويۇن ـ چاقچاقلىرى سېيىتئاخۇننىڭ داۋراڭ قىلىشىغا ماتېرىيال بولدى. بۇ ماتېرىيال ساۋۇتجانغا يۆدەپ، كۆپتۈرۈپ كۆرسەتكەنىدى. سېيىتئاخۇننىڭ بۇنى قىلىشتىكى مەقسىتى بولسا، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەمرانىڭ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە كۆچىيىپ بېرىۋاتقان ئابرۇيىنىڭ تەسىرىنى سۇسلىتىش. ھەمرانىڭ ئادىللىقى سېيىتئاخۇنغا ئانچە ياقمايتتى. بولمىسا سېيىتمۇ ئادىللىق توغرىسىدا كۆپ سۆزلەيتتىغۇ؟ ئەجەبا بۇ سۆزلەرنى ھەمرا ئەمەلگە ئاشۇرغاندا سېيىتئاخۇن نېمىشقا ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدۇ.

ئۆتكەن بىر مەجلىستە ھەمرا مۇھىم بىر مەسىلىنى ھەل قىلغانىدى.

ھەمرا:

— يولداشلار! بىز بۇرۇن دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ئۇلاق ۋە باشقا سايمانلارنىڭ نومۇرىنى (بەلگىلەنگەن ھەققىنى دېمەكچى) ئوشۇقراق باھالاپتىكەنمىز. ئەمدى ئۇنى تۆۋەنرەك چۈشۈرۈشىمىز كېرەك، — دېدى.

سېيىت كالپۇكلىرى تىترەپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە:

— بۇ غەلىتە گەپ! ئۇلاق بولمىسا يەر قانداق ھەيدىلىدۇ؟ ئات ـ ھارۋا بولمىسا ھەممە نەرسە يۆتكەلمەي ئۆز ئورنىدا قېلىۋەرمەيدۇ؟ مانا، ئەندىزە ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدىغان شۇنداق كۈچنىڭ نومۇرى كېمىيىپ كەتسە، كىم بېرىدۇ ئۇنى؟! قېنى شۇلارسىز دېھقانچىلىق قىلىپ بېقىڭلارچۇ كۆرەيلى؟ — دەپ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى.

— رۇخسەتمۇ، رۇخسەتمۇ، — دەپ ئىككى، ئۈچ كىشى ئورنىدىن تۇرغانىدى، تۆمۈر ئالقىنى كېرىلگەن قولىنى سوزۇپ، ئۇلارغا گەپ بەرمەستىنلا سۆزلەپ كەتتى:

— توختاپ تۇرۇڭلار ـ ھاي! توختاپ تۇرۇڭلار، مەن گەپ قىلاي...ھەي، سېيىت سېنىڭ گېپىڭچە ئۇلاق سايمانلىرى بارلارنىڭ ئالدىدا ئادەملەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن ـ دە، قېنى سېنىڭ ئاتلىرىڭ يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپ باقسۇنچۇ، بىزمۇ كۆرەيلى؟!

رۇخسەت سورىغانلاردىن بىرى:

— ماياققا قاراڭلار، ئورۇنسىز تالاشنىڭ پايدىسى يوق، — دەپ ھەممىنى ئېغىزىغا قاراتتى.

— ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى راست. ئىشلىتىدىغان جابدۇقسىز ياكى ئۇلاقسىزمۇ دېھقانچىلىق قىلىپ مول ھوسۇل ئالغىلى بولمايدىغانلىقىمۇ راست. ئەمما بىزنىڭ گېپىمىز بۇ توغرۇلۇق ئەمەس، بىز يالغۇزچىلىقتا قىلالمايدىغان

ئىشلارنى ھەممىمىز بىرلىكتە بارلىق كۈچىمىزنى قوشۇپ ئورۇنلاپ، يەردىن ياخشىراق ئۈنۈم ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەمكارلىشىۋاتىمىز. دېمەك، باشقىلار نېمە بولسا بولسۇن، پەقەت ماڭىلا بولسا بولدى، دەپ ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭلا مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان بولساق، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بىرلىشىشنىڭ نېمە كېرىكى بار ئىدى. ھە مانا، ئۇنداق بولمىغاندىن كېيىن بىر-بىرىمىزنىڭ ئېغىر-يېنىكچىلىكىمىزگە يار-يۆلەك بولۇپ، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇلاق-سايمانلىرى جىقلار ھېچنېمىگە ئىگە ئەمەسلەرنىڭ ئاز نومۇر ئېلىۋاتقانلىقلىرىغا ئىنساپ بىلەن بىر قاراپ قويۇشى كېرەك. بىز ئۇلاق-سايمانلارنىڭ نومۇرىنى ھەددىدىن ئوشۇق قىلماستىن، لايىق دەرىجىدە بۇرۇنقىدىن كەمرەك قىلساق، يوقلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشقان بولىمىز ھەم كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز بىر پىكىرگە كېلىشىمىز كېرەك.

مانا شۇ بولۇپ ئۆتكەن مەجلىستە دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان ئۇلاق ۋە سايمانلارنىڭ باھاسىنى كېمەيتىشكە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن رازى بولۇپ، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانىدى.

شۇنىڭدىن بېرى سېپىت ئىككى ئات، بىر ئۆكۈز، بىر هارۋىسىغا يۆلىنىۋېلىپ، ئازراق ئەمگەك قىلىپ كۆپرەك ھوسۇلغا ئىگە بولۇشنى ئۆزى خالىغانچە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىغا ھەم مەتنىيازنى ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇ گۇرۇپپىغا ھېچنەرسىسى يوقلار كىرسە، مېنى «غاجايدۇ» دەپ ئويلايتتى) ئىچىدە ھەمراغا خاپا ئىدى. لېكىن، ئۇ مۇناسىۋەتتە چىرايلىق ياغلىما سۆزلەر بىلەن سىرىنى سەزدۈرمەي، ھەمراغا كادىرلار ئارقىلىق زەربە بەرمەكچى ئىدى.

ئىش سېپىتئاخۇننىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى.

ھەمرا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ساۋۇتجاننى مەتنىيازنىڭ ھويلىسىغا باشلاپ باردى. ئۇنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆگزىسى چۈشۈپ كەتكەن دالىنى يېپىلىپ ئالدىغا پېشايۋان ياسالغانىدى. ئۇستىگە لاي سېلىنىپ سۇۋالمىغان بولسىمۇ، نەچچە يىلدىن بېرىقى ۋەيرانە كۆرۈنۈشى ئۆزگىرىپ، ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپى چۈشۈپ تۇرغان پېشايۋان كىشىنى ئۆزگىچە تارتىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسىمۇ خېلىلا ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال ئەتىيازلىقى هازىرقى پېشايۋان بولغان يەردە دۈمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ تۇپىدا ياتاتتى، ياكى ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە «مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ» خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئەمدى باشقىچە، بۇ يەرگە ساۋۇتجان بىلەن ھەمراھ كىرىپ كەلگەندە مەتنىياز پېشايۋاندا بەندىڭگە مىنىۋېلىپ، لىڭگىرچاق ياساۋاتاتتى. قورۇقتا يېڭىدىن ياساپ ئېسىپ قويغان جاۋاڭلار، تاختىبېشىغا قاتلاپ قويۇلغان بىرنەچچە يېڭىدىن ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان لىڭگىرچاقلار تۇراتتى. بىر چەتتە تۆمۈر بىلەن ئىرزەتخان تالنىڭ چىۋىقلىرىدىن زەمبىل توقۇۋاتاتتى. ئۇلار زەمبىل توقۇشنى تېخى تۈنۈگۈنلا مەتنىيازدىن ئۆگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاملاشتۇرالمىغان يەرلىرىنى «ئۇستام بۇنى قانداق قىلىمىز» دەپ سوراپ تۇراتتى. ئۇستام بولسا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ. بۇنى ھېچ يوشۇرۇپ قويۇشنىڭ كېرىكى يوقكى، زەمبىل توقۇشنى ئۆگىنىۋاتقان ئىرزەتخانغا ھۈنەر ئۆگىتىش ئۇستام ئۈچۈن قانداق كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر.

— مانا بۇنى كۆرۈپ قويۇڭ ساۋۇتجان، — دېدى ھەمراھ تۆمۈرنىڭ يېنىدىكى پۈتكەن زەمبىلنى يۆلەپ، — ئەمدى بىكار بولۇپ قالغانلار كەچكىچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئۇستامدىن پايدىلانماقچىمىز.

ساۋۇتجان زەمبىلنىڭ ئىككى سېپىدىن تۇتۇپ قاراپ:

— مايماقراقمۇ نېمە بۇ؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— بىرىنچى قېتىمقى ئىشىمىز-دە ئۇكام، — دېدى تۆمۈر، — تۈنۈگۈن بۇنى توقۇيمىز دەپ كەچكىچە ھەپىلىشىپ ئاران شۇنچىلىك قىلدۇق. قېنى بۇنى كۆرۈپ قويۇڭ، — ئورنىدىن تۇرۇپ يېرىم توقۇلغان زەمبىلنى ساۋۇتجانغا سۇندى.

— ھە، بۇ خېلى قاملىشىپتۇ. بۇنى توقۇشنى كىمدىن ئۆگىنىۋالدىڭلار؟

— مانا ئۇستىمىزمۇ يېنىمىزدا، — دەپ مەتنىيازنى كۆرسەتتى تۆمۈر.

— بۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دەڭ ئۇستام.

— بۇ ھۈنەر بولامدۇ، توقۇغاننى بىر كۆرگەن ئادەم قىلىپ كېتىۋېرىدۇ، — دېدى مەتنىياز.

— ئەلۋەتتە بۇنى توقۇشمۇ ھۈنەر-دە، ئۇنى كۆرۈپ ئۆگەنمىگەن ئادەم قىلالمايدۇ.

— ئۇستامنىڭ ئىچىدە ھۈنەر تولا ساۋۇتجان، — دېدى ھەمرا، — ئۇستام بىزگە ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىتىدۇ. بىز ئۇستامغا دېھقانچىلىقنى ئۆگىتىمىز، شۇنداق قىلىپ بوغا، جاۋاڭ، لىڭگىرچاق ئۈچۈن بازارغىمۇ قاتىرىمايمىز-دە، — مەتنىيازنىڭ ئالدىدىكى

لىڭگىرچاقنى قولىغا ئېلىپ، ــ مانا بۇ ياسىلىۋاتقان نەرسىلەر كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇردا ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلىرى بولۇپ قالىدۇ.

ساۋۇتجان مەتنىيازنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئۇبدانراق بىلگەندىن كېيىن، سېپىتئاخۇننىڭ سۆزى بىلەن ئۇنى «ھېچ ئىشقا يارىماس ئادەم» دېگەن خۇلاسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىگە ئىقرار بولدى. مەتنىيازنىڭ ئەمگەك ۋە روھىي جەھەتتىن ئىلگىرىلىشىگە ھەمرانىڭ ھەقىقىي ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇتجان مانا بۇ جۈرئەت قىلسا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، لېكىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، تۇرمۇشى قالاق بىر ئادەمنى ئەمگەك قاينىمىغا تارتىپ، ئۇنى چىدامىلىق، ئىشچانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا دېھقانلارغا سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىدى.

## 4

ھەمرا گۇرۇپپىسى كوپېراتىپقا ئايلىنىپ، يەنە بىر قانچە دېھقانلارنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئەمگەك كۈچى ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسىغا نىسبەتەن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. يەر، ئۇلاق ۋە قوش جابدۇقلارمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. بىر نەچچە ئىش ھايۋانلىرى، ئىككى دانە سوقا، بىر دانە ئورما ماشىنىسى ۋە بىر نەچچە ئۇششاق جابدۇقلار بىردىنلا كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇردىكى مۈلكى بولۇپ قالدى.

ھەمرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى مەتنىيازنىڭ ئۇستىكارلىقى بىلەن، بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، بوغا، جاۋاك، كەندىر ئارغامچا، زەمبىل، سېۋەتكە ئوخشاش نەرسىلەردىن خېلى نۇرغۇن ئىشلەپ چىقاردى.

ھازىر بولسا 50 ئەمگەك كۈچىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ كوپېراتىپ ئەزالىرى دېھقانچىلىقنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، يازچە يېتىشتۈرگەن ئاشلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ھەممىسى بىرلىكتە ھۆسنىگە تولۇپ تاشقان كەڭ ۋە گۈزەل ئېتىزلىرىنىڭ باغرىغا توپلاشتى.

بۇ كوپېراتىپنىڭ ئاساسى بولغان ھەمرا گۇرۇپپىسى مول ھوسۇل ئېلىشتا ھەر يىلى ئارقىغا چېكىنمەستىن ئۈلگە بولۇپ كەلگىنى ئۈچۈن، كوپېراتىپنىڭ نامى «ئالغا» بولدى، كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مۇدىر بولۇپ ھەمرا سايلاندى.

رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەمرانىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە چېنىققانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشتا ئادىل ۋە ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە جان كۆيەر ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئالغانىدى. ھازىر بولسا ھەمرا پارتىيە ئەزاسى. ئۇ يېزىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كادىرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، «ئالغا» كوپېراتىپىنى نامىغا لايىق تېخىمۇ ئالغا باستۇرۇش يولىدا ئاكتىپ ئىشلىمەكتە.

مەتنىيازمۇ «ئالغا» كوپېراتىپىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سىلەر كۆرۈپ ئۆتكەن بۇرۇنقى ۋەيرانە تۇرمۇشى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆتكەن يىل ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدا ئالدىرىماي ئىشلىسىمۇ، ئاخىرىغىچە چىدام بىلەن رەسمىي بىر كىشىلىك ئەمگەككە قاتناشتى. كۈزدە دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە ئىشلىگەن نەرسىلىرىدىن خېلى نۇرغۇن مەھسۇلات ئالدى.

مەتنىيازنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يەنە بىر خۇشاللىقى بار. ئۇ بولسىمۇ ئىززەتخان بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ، مۇرادىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانا، بالىلىق بولغان بەختلىك ئائىلە لەززىتىنى تېتىدى. ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ئەمگەك قىلىۋاتقان كۆيۈمچان خوتۇنى، ئالدىدا «دادا، دادا» دەپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن تىلى تاتلىق بۇدرۇققىنا بىر ئوغلى ئەركىنجان بار.

ھېلىقى بىزگە تونۇش بولغان ئۆينىڭ تاملىرى سۈتتەك ئاپئاق ئاقارتىلغان. قازان بېشى بولسا، سارغۇچ سېغىزلاي بىلەن سىلىق قىلىپ سۇۋالغان. ئىززەتخاننىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن مەتنىياز ئۆزى تېرەك ياغىچىدىن سېپتا قىلىپ ياسىغان كارىۋاتقا تۆۋىنىگە تور تۇتقان ئاق چايشاپ يېپىلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ يۇقىرىقى چېتىدە ئىككى دانە ئاق ياستۇق كېلىشتۈرۈپ تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ئۇستامنىڭ قالايمىقان جابدۇقلىرى ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلىنىپ، دالاندا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن ئاپتۇ. ئويۇقتىكى كوزىلار، قوزۇقتىكى چۆمۈچلەر ۋە ئۆينىڭ باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك جاھازلىرىنىڭ پاكىز، چىرايلىق تەرتىپتە بولۇپ تۇرۇشى بۇ ئۆينى باشقۇرۇپ، بېسىقتۇرۇپ تۇرغۇچى ئايالنىڭ ئىشچان ۋە سەرەمجانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

مەتنىياز قىچا تېرىغان يىلى ئۇسسۇزلۇققا چىدىماي سايىدا ياتقان يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىدا ھازىر سۆلەتلىك قەددىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى باراڭ، ئىككى باراڭنىڭ ئەتراپىدا مەنپۇخىنە، جۇخار ۋە مىزى گۈللەر ئەۋجىگە ئېلىپ، تەكشى چىرايلىق بولۇپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

«ئالغا» كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى ياسىغان بۇ باراڭلار ئالدىغا كېلىپ ئەتراپقا قاراپ باقسىڭىز: كۆز يېتىم يەرلەرگىچە سوزۇلغان پېلەكلەر ئارىسىدا خۇددى ئوتلاۋاتقان قوينىڭ قوزىلىرىدەك بولۇپ كۆرۈنگەن قوغۇن، تاۋۇز، كاۋىلارنى، ئوتياشلىقتىكى، ئاپقۇر

چىنىدەك بولۇپ يوغىنىغان قىپقىزىل پەمىدۇرلارنى، تەكشى ئۆسكەن پىيازلارنى، باراڭدا زىچچىدە ساڭگىلىشىپ تۇرغان قاپاق ۋە ئەتراپتىكى تاۋلىنىپ تۇرغان چىرايلىق گۈللەرنى كۆرۈپ، كىشىنىڭ زوقى تولۇپ تاشىدۇ.

ئەنە، ئاۋۇ ئېتىزلاردا بولسا، كوپېراتىپنىڭ مول ھوسۇللۇق بۇغدايلىرىمۇ چاناقلىرىنى كېرىشىپ، بۇرۇتلىرىنى داردايتقان ھالدا باشلىرىنى كۆتۈرۈشەلمەي ئېگىلىپ تۇرۇشىدۇ. شامال بولسا ئۇلارنى ئېغىتىپ باشلىرىنى بىر بىرىگە تەگكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدىن: «ھە، ئەزىمەتلەر، بىزنى بېقىپ ئۆستۈرگۈچە شۇنچە تەر تۆكۈپ، نۇرغۇن مېھنەتلەر قىلدىڭلار؟ شۇنىڭغا لايىق بىزمۇ تولۇق مۇرادىڭىزغا يەتتۇق. ئەمدى بىزنى چاققانىراق ئۆيۈڭلەرگە ئەكەتمەمسىلەر؟» دەپ پىچىرلىشىۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن «ئالغا» كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى، ھەممىدىن بۇرۇن، پۈتۈن كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئەمگەك قاينىمىغا چۈشكەنىدى. ئۇلار كۈن تازا قىزىغان چاغدا ئارام ئېلىپ قوغۇن ـ تاۋۇز يېيىش ئۈچۈن ئۈجمە سايىسى ۋە باراڭلارغا كېلىۋاتىدۇ.

بۇ باراڭلارنى ياساشتا ۋە ۋايىغا يەتكەن ئاشلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە مەتنىيازنىڭمۇ ھەسسىسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئىشەنچلىك باراڭلىقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

باراڭنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە ئايال چاقچاق قىلىشىپ، كۈلۈشۈپ قوغۇن يېيىشىۋاتاتتى. ئىززەتخان باراڭدىن يېرىم قوغۇننى كۆتۈرۈپ مەتنىيازنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— مانى يەپ باقسىلا! ئەجەب تاتلىق قوغۇنكەن، — دېدى ئۇ قوغۇننى تىلىپ.

مەتنىياز ناۋات رەڭ سۈيى تېمىپ تۇرغان گۆشلۈك قوغۇننى يەۋېتىپ:

— قەندەك قوغۇن ـ دە، قەندەك، — دېدى.

باراڭنىڭ ئىچىدىكى خوتۇنلاردىن بىرى:

— شېرىننىڭ قولى تەگكەن ـ دە، ئۇستام، — دەپ بۇلارغا ئاڭلاتماستىن چاقچاق قىلغانىدى. ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمە بولدى بۇلار؟ قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتىغۇ، — دېدى مەتنىياز باراڭ تەرەپكە قاراپ.

ئىززەتخان ئۆزىگە غايىبانە چاقچاق قىلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— ھوي، ئەشەدە بىر تورغاي سايراۋاتىدۇ، — دېدى ـ دە نېرىراق بېرىپ ئۈجمە تۈۋىدە ئولتۇردى. قوغۇنلۇقتىن بىر سويمىنى كۆتۈرۈپ 3~4 بالا بىلەن «ئاپا»، «دادا» دەپ چۇقان سېلىپ ئەركىن چېپىپ كەلدى.

بۇ ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ئۈجمە سايىسىدە بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ، ھېلىقى ناۋات رەڭ سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان ئەجەپ شېرىن «ئابىناۋات» تىن يەنە بىر يېيىشىپ ئۇسسۇزلۇقىغا قېنىشتى.

1955 ـ يىلى

# يۇمۇر سۆزلەش

بىر توپ ھايۋان قولۋاقتا كېتىۋېتىپ خەتەرگە يولۇقۇپ دېڭىزدا لەيلەپ قاپتۇ. ئېلىۋالغان يېمەكلىكلەرمۇ تۈگەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇمۇر ئېيتىشماقچى بوپتۇ. ئەگەر كىم يۇمۇر سۆزلەپ ھەممىسىنى كۈلدۈرەلمىسە، شۇنى دېڭىزغا تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئالدى بىلەن كالا يۇمۇر سۆزلەپتۇ. كالىنىڭ يۇمۇرى بەك قىززىق بولۇپ ھەممە ھايۋانلار كۈلۈپ كېتىپتۇ، بىراق چوشقىلا كۈلمىگەچكە،كالىنى دېڭىزغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئارقىدىن قوي يۇمۇر سۆزلەپتۇ، قوينىڭ يۇمۇرىغا ھېچكىم كۈلمەپتۇ،پەقەت چوشقىلا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— بۇ يۇمۇرنىڭ كۈلگىدەك نېمىسى بار؟ — دەپتۇ ھايۋانلار.

ئۇ چاغدا چوشقا دۇدۇقلاپ:

— كەچۈرۈڭلار، كالىنىڭ يۇمۇرىنى ئويلاپ... — دەپتۇ.

# ئەلىشىر نەۋايى غەزەللىرىدىن*

سىنا كوڭلۇمدە ئوقۇڭ، سۇرتۇب ئىسسىغ قاندىن ئاڭا،
پەي مەسەللىك چىرماغايمەن رىشتەئى جاندان ئاڭا.
ئوقۇڭ كۆڭلۈمگە سانجىلىپ سۇنسا، ئىسسىق قان بىلەن سۈرتىمەن،
ئۇنى خۇددى پەي بىلىپ، جان رىشتىسى بىلەن باغلايمەن.

بادەئى لەئلىڭ مىزاجى روھپەرۋەردۇر بەسى،
گوييا مەمزۇج ئېتىبسەن ئابھيۋاندىن ئاڭا.
لېۋىڭ شارابىنىڭ تەپتى تازا جان بېغىشلايدۇ،
گويا ئۇنىڭغا سەن ئابىھايات سۈيىنى ئارىلاشتۇرغاندەك

ئوقى كوڭلۇم شوئلەسىن گاھ ساكىن ئەتتى، گاھ تېز،
گاھ ئوتۇن بولدى، گاھ سۇ ئۇردى پەيكاندىن ئاڭا.
ئوقى كۆڭلۈم يالقۇنىنى گاھى پەسلىتىپ، گاھى ئۇلغايتتى،
چۈنكى كۆڭلۈم گاھى ئوتۇن بولدى، گاھى ئۇنىڭغا كىرپىكىدىن سۇ چاچتى.

دەردۇ غەم بوستانىنىڭ تاۋۇسىدۇر كوڭلۇم قۇشى،
گۇل بولۇپ جىسمىدا كەسكەن نەئل ھەر ياندىن ئاڭا.
كۆڭلۈم قۇشى دەردۇ-غەم بوستانىنىڭ تاۋۇسى،
ئۇ ۋۇجۇدۇمغا ھەر خىل رەڭدار گۈل بولۇپ بېسىلغان.

نى كەبۇتەر يېتەئالۇر ئول قىياشقا، يا نەسىم،
ئەي كوڭۇل ھالىڭنى ئېتلام ئەيلە ئەفغاندىن ئاڭا.
ئۇ قۇياشقا يا كەپتەر يېتەلمەيدۇ، يا تاڭ شامىلى؛
ئەي كۆڭۈل ئۇنىڭغا ھالىڭنى پەرياد چېكىپ مەلۇم قىل.

كوزگە تاكىردى خەيالىڭ، ساۋۇغ ئاھىم ۋەھمىدىن،
باغلامىشمەن قۇرايا ھەر سارى مۇژگاندىن ئاڭا.
تەسەۋۋۇرۇڭ كۆزۈمگە ئورناشتى، سوغۇق ئاھىمدىن ئەنسىرەپ،
بۇ ۋەيرانە ئۆيىنى كىرپىكلىرىم بىلەن تاقاپ قويدۇم.

ئەي نەۋايى، يىغلىماق ئاھىمغە تەسكىن بەرمەدى،
ۋەھ، بۇنى ئۇتدۇركى، يوق تەسىرى توپاندىن ئاڭا.
ئەي نەۋايى، يىغلاش مېنىڭ ئاھ-زارىمنى باسالمىدى،
ئاھ، بۇ قانداق ئوتتۇر، توپانمۇ تەسىر قىلمايدىغان؟

* تىيىپجان ئېلىيوپ، 1981—يىلى نەشر قىلغان «غەزەللەر» ناملىق كىتابتىكى «غەرايىبۇسسىغەر» (باللىق غارايىپلىرى) دىن تاللانما ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى

# ئىككى غەزەل

*ئابدۇرېھىم راخمان (قىرغىزىستان)*

نە بالالىق كۈندە كۆردۈم، ئەي پەرى، ئاي يۈز گۈزەل،
ئادىتىم بوپ قالدى شۇندىن، ياد ئېتىپ ئېيتماق غەزەل

بۇ كۆڭۈل شەيدالىقىنى مەن تۇتۇپ كەلدىم نىھان،
يوشۇرۇپ كۆيگەن كۆيۈكنىڭ لەززىتى ھەسەل.

گاھىدا قىلساڭ ساخاۋەت بۇ گادايغا نىم نىگاھ،
كىرپىكىڭ سانجىپ يۈرەككە بولىمەن دەرھال كېسەل.

ھەر سابا ئېپ كەلسە سۇمبۇل چاچلىرىڭدىن خۇش پۇراق،
كەتكۈسى دەردتىن خالاس بۇ تەنلىرىم ئاشۇ مەھەل.

كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلۇر، كۆرگەندە تىترەيدۇ تېنىم،
مەن ئەمەستىمغۇ ئاۋۋالدا، شۇنچىلىك بىر لايغەزەل.

مېنى تىترەتكەن نېمە كۈچ، دەپ سوراپ ئالدىم جاۋاب،
ئىشقى ـ سۆيگۈ قۇدرىتىدۇر تەڭدىشى يوق لەميەزەل.

ھىجرانۇ ـ پۇرقەت ئوتىدىڭ بۇ تەننى گۈلخان ئەيلىسە،
كۆرۈنەر بېشىمدا قۇشتەك ئەگىشىپ يۈرگەن ئەجەل.

ناگاندا ئۆتسەڭ قېشىمدىن، تىنىقىڭنىڭ شەپىسى،
جان بەخش مەسىھ كەبى دەيدۇ ماڭا «ئەمدى تۈزەل!».

دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئەۋجىسىدىن يوشۇرۇن لەززەت ئېلىپ،
بۇ ئۆمۈرنىڭ يوللىرىغا سالدى ئىزنى تۆرت مۇچەل.

مەيلى ئىشقىڭنىڭ ئوتىدا تۈگىشەي پەرۋانىدەك،
چىن ۋاپا — ئاشىق ئېلىنىڭ قىسمىتى شۇنداق ئەۋزەل.

مەن كۆڭۈلنى ساڭا بەردىم، قايتۇرۇپ ئالمام ئۇنى،
بىلكى، رەخمانىي ئەبەتكە لەۋزىگە قىلغاي ئەمەل.

...

ئىششىق ئوتۇڭنىڭ گۈلخانىدا بولدى بۇ باغرىم كاۋاپ،
بىر كېلىپ، دەردتىن خالاس قىپ، دىلبىرىم. ئالغىن ساۋاپ.

قاپ ـ قارا چېچىڭنى يېيىپ، كۈندۈز ئەيلەپ كېچە،
بۇ زەئىپ مىسكىن دىلىمنى يەنىمۇ قىلما خاراب.

ئاچ، يۈزۈڭنىڭ شولىسىدىن كېچىلەر بولسۇن ناھار،
ئوخشىتىپ شەمسىي-قۇياشقا مەجنۇندەك قىلسۇن تاۋاپ.

ھېچ ئۇششۇق بولماس كۆتۈشتە بۇ ئۆمۈر ئۆتتى دېسەم،
يىلمۇ ئايلار، ھەپتە-كۈنلەر، ئاخىرى سائەت ساناپ.

بىر سېنى قىلماق خىيالدىن ھېچ كېتەلمەيمەن نېرى،
ئارىمىزدا باشتا مەھكەم باغلىنىپ قالغاچ تاناب.

كەلگىنە، گۈل-گۈل يېنىپ، بۇ خەلق-ئالەم ئالدىدا،
بۇلبۇلۇڭ قونسۇن شېخىغا، يىغلىسۇن قۇزغۇن ماراپ.

دەشتى-ھىجرانىڭدا چاڭقاپ، بولدى قاقشال تىللىرىم،
تولدۇرۇپ غۇنچە لېۋىڭ پەيمانىدا بەر شاراب.

ئامىتىمنىڭ ئالدىدا بەختى-سۇلايمان سەللا گەپ،
سەن يېتىپ كەلسەڭ، سوراپ ھال، نالىشىم ئىشقا ياراپ.

كۆز يېشىمنى ئېرىتەلمەي تاش دىلىڭنى، كەلمىسەڭ،
بېرى بىر راخماننى يولغا بىر ئۆمۈر تورغاي قاراپ.

# بالىلار ئارزۇسى*

*مەتقۇربان ئىسمائىل*

بالىلىقىم، بالىلىقىم-
ئۆسۈپ يېتىلەر چېغىم.
بەردى ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت،
ھۇر ۋەتىنىم-تۇپرىقىم.

بالىلىقىم، بالىلىقىم،
پەن-بىلىمدۇر تاتلىقىم.
ئۆزۈم بىر يۇمران كۆچەت،
مەكتىپىم گۈزەل بېغىم.

بالىلىقىم، بالىلىقىم،
شوخ، ئەدەبلىك قىلىقىم.
كېلەچەكنى كۆزلەيدۇ،
ھەر قەدىمىم، تىنىقىم.

بالىلىقىم، بالىلىقىم،
مىنۇت ۋاقتىم-بايلىقىم.
ئىسراپ قىلماي مەن ئۇنى،
ئوقۇيمەن تاپماي تىنىم.

بالىلىقىم، بالىلىقىم،
ئۇ بىر توختىماس ئېقىم.
دېرەك پارلاق ئىقبالىم،
گالىستۇكۇم، بايرىقىم.

بالىلىقىم، بالىلىقىم،
ھۇر ۋەتىنىم ئامرىقىم.
ئۇنى ھەردەم قوغداشقا،
ئاتالغاندۇر بايلىقىم.

* «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشر قىلغان «ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى



# ئاقىللار كېڭىشى*

## (بېشى ئالدىنقى ساندا)

دىلدار ئەزىز (ئامېرىكا)

- بۇ كىم؟ سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى نابۇت قىلىسىز؟- دەپ سورىدىم مەن ئۇ كىشىدىن.

- بۇ ،— دەپ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ سۆزۈمگە جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى ھېلىقى دوختۇر سۈپەت قاسساپ،— خۇدا ماڭا ئۇخشاش ئەركەكلەرگە ئاتا قىلغان ئىلاھىي نېمەت. ئۇ دەسلەپتە ئىلاھلىق ئورنىدا تۇرۇپ مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان، كېيىن ئۆزىنى ماڭا بېغىشلاپ، روھىمغا ئوزۇق، يۈرىكىمگە شىپا بولغان.

-ئەمىسە سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ نىجاتكارىڭىزنى ۋەيران قىلىسىز؟- مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن تېخىمۇ ئەجەبلەنگەن ئىدىم.

- چۈنكى ئۇ مېنىڭ تېنىمگە پۈتۈنلەي سىڭىپ كەتمەي، ئۆزىنىڭ ئايرىم مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنى جاھىللىق بىلەن ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ھالىتى مېنى ئەندىشىگە سالىدۇ ۋە ئازابلايدۇ. بولۇپمۇ جانسىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، روھىيىتىدە ساقلىنىپ قېلىۋاتقان ئاجايىپ كۈچلۈك ھاياتى كۈچى، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا يىراق-يىراقلاردىن تەلپۈنۈپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاشۇ سېھرىي گۈزەللىكىدىن بەھرىلىنىدىغانلىقىنى ھەر بىر ئويلىسام، ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ ئەس-ھوشۇمنى يوقىتىپ قويىمەن، شۇ تۈپەيلى ئۆزۈمگە كېلىۋاتقان ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ۋەھىمىنى ھېس قىلىمەن. ناۋادا ئۇ مەندىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتسە، مېنىڭ ناھايىتى كۆپ نەرسىلىرىمنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىم يۈرىكىمگە چىدىغۇسىز ئازاب سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى مۇشۇ ئۇسۇلدا كۆزدىن يوقىتىشقا مەجبۇرمەن. مەندە مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. ئاللاھ ئۇنى ياراتقاندىلا بەك سېخىيلىق قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭغا گۈزەللىكنىمۇ، ئەقىلنىمۇ، قابىلىيەتنىمۇ، باللىقنىمۇ پەۋقۇلئاددە ئارتۇق بېرىۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى نېمىلا دېمەي ۋە نېمىلا قىلماي ھېچقانداق ئەيىبلەشكە ئۇچرىماسلىقىم كېرەك. ئىشەنمىسىڭىز

* ئاپتورنىڭ 1991-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ۋىجدان تارازىسى ئالدىدا» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى

دوختۇرخانىمىزنىڭ تېمىغا ئېسىقلىق تۇرغان نىزامنامىغا قاراپ بېقىڭ. نىزامنامىدا بەزى ئىشلارغا «رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېيىلگىنى بىلەن قانداق جازا كۆرۈلىدىغانلىقى يېزىلمىغان. شۇڭا مەن ئۆزۈم خالىغاننى قىلىۋېرىمەن.

مەن ھېلىقى دوختۇر سۆيەت قاسساپنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزى پۇتۇنلەي كور بولۇپ، تامدىكى نىزامنامىنىمۇ، ھېلىقى ھەيكەلدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قاننىمۇ كۆرمەيتتى. ئۇ ئۆز ئىشىنى پەقەت قولىنىڭ تۇيغۇسىغىلا تايىنىپ سىلاپ-سىيپاپ داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. قولىدىكى ھەيكەلنىڭ گۈزەللىكى، نەپىسلىكى، لاتاپىتى دېگەنلەرنى، ھەيكەلنىڭ مەرمەردەك پاقىراپ تۇرغان پۈتۈن ئەزايىنى ئۇ كۆرەلمەيتتى. بىراق ئېغىزىدا «ئاھ، گۈزىلىم! ئاھ، ئامرىقىم! سەنسىز قانداقمۇ ياشايمەن؟!» دېگەن سۆزلەرنى توختىماي تەكرارلايتتى ۋە ھەيكەل پارچىلىرىنى قولىدا دەڭسەپ كۆرۈپ كۆڭلىدە ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېسابلايتتى.

مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە بىردەم قاراپ تۇردۇم.

- بۇياققا كېلىڭ، — ئۇ قولىدا پالتىسىنى چىڭ تۇتقان ھالدا مېنى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا چاقىردى، بۇ چاغدا ھېلىقى ھەيكەلنى پۈتۈنلەي پارچىلاپ بولغانىدى، — يېنىمغا كېلىڭە!

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى قان تامچىپ تۇرغان پالتىسىغا قارىغىنىمچە بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

- دىققەت!- ئۇ قەيەردىندۇر ئۆگىنىۋالغان ھەربىي كوماندا بويىچە ماڭا بۇيرۇق قىلدى. مەن خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇراتتىم. بىراق كۆزۈم ئۇنىڭ قولىدىكى پالتىدا ئىدى. دوختۇر سۆيەت قاسساپنىڭ بىر قولى مېنىڭ ئۈستىخانلىرىمنى باشتىن ئاخىرى سىلاپ- سىيپاشقا باشلىدى-دە، ئاندىن پالتا تۇتقان قولى ئاستا ئېگىز كۆتۈرۈلدى. مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى يۈرىكىم ئاللىبۇرۇن تۇيغان ئىدى. شۇڭا ئۇ پالتىنى ئېگىز كۆتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ قولىدىن سىلىكىنىپ ئاجرالدىم- دە، پۈتۈن كۈچۈمنى ئىككى

پۇتۇمغا يىغىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىمچە بۇ يەردىن قېچىپ چىقتىم.

بىراق زامانىمىزنىڭ ئالىملىرى ماڭا «تەقدىم» قىلغان «شەرەپلىك» ئاتاق تېخىچە پېشانەمگە پۈتۈكلۈك ئىدى. شۇڭا مەن ئۆزۈم چوڭ بىلىدىغان بىرەر دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆز كېسىلىمگە توغرا دىياگنوز قويدۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.

مەن يول ئۈستىدە ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بىر كونا ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئاپتوبۇس شوپۇرى قېرىپ ئېغىزلىرىدا چىشى قالمىغان بوۋاي ئىدى. بىراق ئۇ قويۇق ئاق چاچلىرىنى يىگىتلەرنىڭكىدەك ياسىتىۋالغان، ئورۇق پاقالچىقىغا ياشلارنىڭكىدەك تار، قىستاپ تۇرىدىغان ئىشتان كىيىۋالغان، ئۈستىبېشىغىمۇ ئالا بالداق كۆينەك كىيىۋالغان بولۇپ، ئىسكىلىتتەك ئورۇق مەيدىسىدە بويىنىغا ئېسىۋالغان تۇمارى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۇ بىر قولىدا ئاپتوبۇسنىڭ رولىنى تۇتقان، يەنە بىر قولىدا چىرايلىق بىر ياش قىزنى قۇچاقلىۋالغان ئىدى. تولىمۇ ياش، تولىمۇ سەبىي ۋە ئوماق بۇ قىز ھېلىقى بوۋايغا خۇددى چوڭ دادىسىغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلەيتتى. بىراق بوۋاي بولسا ئۇ قىزنى خۇددى ياشلىقىدا سۆيگەن مەشۇقىدەك توختىماي قۇچاقلاپ سۆيەتتى. بەزىدە رول تۇتقان قولىنى رولدىن ئاجرىتىپ، بوگۈنكى تاپاۋىتىنى يانچۇقىنىڭ سىرتىدىن سىلاپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ماشىنا كاتاڭ يولدا يولدىن چىقىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاسلا قالاتتى.

ماشىنا مېڭىۋاتقان بۇ يول كاتاڭلىقىنى ۋە تاشلىقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا يوللاردىن ھەرھالدا پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ يولنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، دىققەت قىلىپ قارايدىغان بولساق، ئالدىمىزدىكى مۇساپىنىڭ خېلى يىراقتىكى بىر قىسمىنى كۆرگىلى بولاتتى. بىراق ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتقۇچىنىڭ ھالىتى كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى. بىزنىڭ شوپۇرىمىزنىڭ ئالدىمىزدىكى نىشانغا دىققەت قىلغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ خۇشلۇقتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرى ئۇنداق يىراقلارنى كۆرەلمەيتتى. دېمەك، يىراقتىكى نىشانغا تەشنا

بولۇۋاتقان كارۋانلارنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق بىر شوپۇرنىڭ قولىدا ئىدى.

ئاپتوبۇستا ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە تولىمۇ ئەنسىز ۋە جىددىي ھالەتتە بولسىمۇ، كۆپ قىسىم يولۇچىلارنىڭ روھىي-ھالىتى تولىمۇ بىخىرامان ئىدى، ھەممەيلەن دېگۈدەك پەقەت ئۆزلىرىلا بىلىدىغان قانداقتۇر بىر ناخشىغا پەقەت ئۆزلىرىلا ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا غىڭشىپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىتى تولىمۇ بىغەم، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق ئىدى. كارى بولغان تەقدىردىمۇ ھېچقايسىمىز رول تۇتقۇچىغا نېمىنى قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتۇق. چۈنكى ئۇ بۇ ماشىنىنى بىز بىلەن قوشۇپ ھۆددىگە ئېلىۋالغان ئىدى. ئەگەردە مۇساپىغا يەتكۈچە بىرەرىمىز ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان بولساق، ئۇ بىزنى يېرىم يولدا، مۇشۇ چۆل-جەزىرىنىڭ ئىچىدىلا ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىشى ۋە ھەتتا ئۆزى بىلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن بىزنىڭ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش سالاھىيىتىمىزنى مەڭگۈلۈك يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ مۇساپە بەكمۇ ئۇزۇن بولۇپ، ھېچ كىشى بۇ سەپەرنى يېقىلىپ قوپۇپ پىيادە يۈرۈشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممەيلەن مۇشۇنداق تۆمۈر قاپچۇققا ئوخشايدىغان ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قالغان ئىدى. چۈنكى يامغۇر -يېشىن، بوران-چاپقۇن بۇ تۆمۈر قاپچۇقنىڭ ئىچىدىكىلەرگە ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. نۇرغۇن پىيادىلىكلەر مۇشۇ قاپچۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئاتىۋېتىپمۇ ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا ئاپتوبۇسقا كۆنگەن ئادەم ئۈچۈن «پىيادە قېلىش» ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن يېرىم يولدا ئۆزۈمنى ئاپتوبۇسنىڭ سىرتىغا ئېتىشقا مەجبۇر بولدۇم، ھاياتىمنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق قارامlıققا تەييار ئىدىم.

ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن سەكرىگىنىم ئۈچۈن ھوشۇمدىن كېتىپ يول بويىدا يېتىپ قاپتىمەن. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي تومۇرۇمنى تۇتۇۋېتىپتۇ.

- تېۋىپ ئاكا، دەپ بەرسىلىچۇ، مەندە كېسەللىك ئالامەتلىرى بارمىكەن؟- چۈنكى زامانىمىزنىڭ ئالىملىرى ماڭا «ئاتا قىلغان» «ساراڭ» لىق كېسىلى كاللامدىن پەقەتلا چىقمايۋاتاتتى.

- ھىم... - دېدى ئۇ قاپاقلىرىمنى ئۆرۈپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، — سىزدە قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەمدىن ئىبارەت تۆت خىل خىلىت مۇكەممەل ئىكەن. پەقەت تەپەككۇر خامۇشلىقىلا كەملىك قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن سىرت سىز كۆزىڭىزنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى توسىدىغان كۆزئەينەك تاقىۋالسىڭىز بولغۇدەك.

- نېمىشقا؟

- بۇ تەرىپىنى بەك تەپسىلىي چۈشەندۈرمىسەممۇ بولار. چۈنكى ئەلمىساقتىن بېرى تەپەككۇرى زاماندىن ھالقىپ كەتكەنلەر ياخشى ئاقىۋەت كۆرگەن ئەمەس. ھاياتلىق ئەزەلدىنلا كور، گاس ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يوقاتقانلار ئۈچۈن جەننەتتۇر.

- ياق، سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز، ئەگەردە شۇ ئۆتكۈر تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر بولمىغان بولسا، ئىنسانلار ھېلىمۇ نەچچە ئونمىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىپتىدايى ھالىتىدە ياشاۋەرمەسمىدى؟!!- مەن شۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ھېلىقى مويسىپىت كىشىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلماقچى بولدۇم. بىراق ئۇ مويسىپىت كىشى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە غايىب بولغانىدى. مەن سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. تۇۋا، ئاپتوبۇستىن سەكرىگەن چاغدا ھوشۇمدىن كەتكەنىدەك قىلىۋېدىم، مانا ئەمدى پۈتكۈل ئەزايىم بىجىرىم، ھېچيېرىم ئاغرىمايدىغۇ؟!

مەن ئۆزۈم ئىشەنگەن چوڭ دوختۇرخانىغا ئاخىرى يېتىپ كەلدىم. بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئەھۋالى ئالدىنقى دوختۇرخانىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بۇ يەردە مېڭىگە نۇر ئۆتكۈزۈپ داۋالاش ئاساس قىلىناتتى.

باش ۋىراچلار كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىش توغرىسىدا جىددىي چارە- تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئالدىراش ھالدا ياردەمچىلىرىگە خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. بىمارلارنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ ئېغىر خەۋپ ئىچىدە بولۇپ، بىمارلارنىڭ كۆپلىكىدىن ھەتتا

بەزى ۋىراچلار كىچىنى كۆندۈزگە ئۇلاپ دەم ئالماي ئىشلەپ، ھاردۇق يەتكىنىدىن ھالىدىن كېتەتتى. بەزى ۋىراچلار بولسا بىمارلارنى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ساقايتالمىغانلىقى ئۈچۈن، بىمارلار بىلەن تەڭ ھەسرەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتەتتى. بىراق دوختۇرلارنىڭ بەزى ياردەمچىلىرى كېسەل داۋالاشتا دوختۇرلاردەك ئۇنداق جان كۆيدۈرۈپ كەتمەيتتى. ئۇلار دوختۇرلارنىڭ بىمارلارغا يېزىپ بەرگەن رېتسېپلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدى بىلەن شۇ بىمارغا باھا قويدۇراتتى، ئاندىن باھانىڭ قىممىتىگە ۋە ئۆزلىرىگە كېلىدىغان پايدىسىغا قاراپ تېزدىن داۋالاش ياكى كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا پىلان تۈزەتتى. شۇ پۇلخۇمار كىشىلەرنىڭ كۆزىگىمۇ سىنچىلاپ قاراپ باقتىم، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇددى بەزنى كۆپ يەپ مايلىشىپ كەتكەن ئاچكۆز مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايتتى. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەقلىمۇ پەقەت مۈشۈكچىلىك باردۇ، دەپ ئويلىدىم ئۆزۈمچە.

مەن ئەيمىنىپ تۇرساممۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ باش ۋىراچنىڭ ئالدىغا كىردىم. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بوي كەلگەن تىمەن ئادەم ئىدى. مەن ئۆزەمنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن مېنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

- سىزنىڭ نېرۋا سىستېمىڭىز ساغلام ئىكەن، بىراقزە، ئۆزىڭىزنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەشكە بەكمۇ ئالدىراپ كېتىدىكەنسىز. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا سىزگە خەتەر ئېلىپ كېلىدىكەن. سىز ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش تۈپەيلىدىن نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، تەپەككۇر ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغانلار ئارىسىدا تۇرۇپمۇ ئۆزىڭىزنى ئۇلارغا بىر كۆرسەتمەكچى بوپسىز. بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك ھەم خەتەرلىك ئەمەسمۇ!؟ ساغلام كىشىلەر ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىنى ئىسپاتلاشقا ئەمەس، يۇقۇملانغان بىمارلارنى ئەپچىل ئۇسۇلدا داۋالاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالدىرىشى كېرەك. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىزدە ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىۋاتقان بىمارلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە، شۇڭا بۇ خىل كېسەللەرنىڭ ئەھۋالى كۈنسېرى، ھەتتا سائەتسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار بەزىدە ئۆزىنىڭ كىمدىن تۇغۇلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاچقا، گاھ كالىنى، گاھ قۇچقاچنى «ئانىمىز» دەۋالىدۇ. بىزدىكى بىر قىسىم دوختۇرلارمۇ بىمارلاردىن يۇقىرىقىدەك كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىپلا قالماي، يەنە تەپەككۇر ئىقتىدارى ئاجىزلىشىش كېسىلىگىمۇ گىرىپتار بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز بەزىدە بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچنەرسە ئويلىماستىن ئۆزىمىزنى خامۇشلۇق ھالىتىدە قالدۇرساق، يەنە بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ پۈتۈن بىر گەۋدىمىزنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان تەسەۋۋۇرنى ئەمەس، تېنىمىزنىڭ ئادەتتىكى بىر قىسمىنىڭ پايدا-زىيىنىنىلا ئويلاپ، ۋۇجۇدىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويىمىز-دە، ئۆزىمىزنى مەنپەئەتنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز، مانا بۇ ئەھۋال بىزنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىمىزنى نابۇت قىلىپ، بىزنى ھالاكەت گىردابىغا سۆرەپ كىرمەكتە. ئەپەندىم، سىز ئالدىمىغا كىرگەن بىمارلار ئىچىدىكى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ساغلام كىشىلەردىنسىز. شۇڭا ئەقىل-پاراسىتىڭىزنى كۆپرەك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ساغلام كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىشقا سېلىپ، مېنىڭ بىمارلارنى داۋالىشىمغا ياردەم بەرگەيسىز، ھەتتا بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىنسانىي مەجبۇرىيىتى، دەپ قارىغايسىز.

مەن باش ۋىراچنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، راستىنلا ساغلاملىشىپ قالغاندەك بولدۇم. يول بويى ئايىغىم يېنىك، قەدەملىرىم چاققان ئىدى.

مەن يەنە كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتىم. بۇ خەلقئارادىكى ئەڭ ئىلغار ۋە يېڭى تېخنىكا بىرىكمىسى بىلەن ياساپ چىقىلغان ئاپتوبۇس بولۇپ، بۇ ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى تېخى سەككىز ياشقىمۇ توشمىغان ئۆسمۈر بالا ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ ئاپتوبۇسنىڭ رولىنى شۇ بالا ئاپتوماتىكلاشتۇرغان ئىكەن، ئۇ ماشىنىنى رول بىلەن ئەمەس، كۇنۇپكا بىلەن باشقۇراتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى بىخىرامان ھېس قىلاتتى. بالا قولىدا كەلگۈسى زامانغا ئائىت ئەڭ يېڭى پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ھەققىدىكى كىتابنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇ يىراقلارغا قاراپ، يولنىڭ تۈزلۈكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى چۆكۈرۈپ كىتاپ كۆرەتتى. قىزىل چىراغ

يېنىپ، رول باشقۇرۇش تەلەپ قىلىنغاندىلا، شۇ هامان يەنە كۇنۇپكىلار ئارقىلىق رولنى تىزگىنلەيتتى.

بىز يولۇچىلار باشقىلارنى باهالاپ كۆنۈپ قالغان بولساق كېرەك، ياش بالىنىڭ رول باشقۇرغىنىنىمۇ، كىتاب كۆرگىنىنىمۇ ئوخشاشلا ئەيىبلەۋېرەتتۇق. چۈنكى بۇمۇ بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنىڭ «بىر قىسمى» ئىدى. بىراق نېمىشقىدۇر كىچىك بالا باشقىلارنىڭ ئۆزى توغرىسىدا نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى زادىلا ئاڭلىمايتتى ۋە ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ قولىدىكى كىتاب دۇنياسىغا غەرق بولغان ئىدى.

ئارىدىن ئون يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

تۇخۇمنىڭ شەكلىنىڭ قانداقلىقى ۋە ئۇنى قايسى تەرەپتىن يېيىش توغرىسىدىكى مۇهاكىمە هېلىمۇ داۋاملاشماقتا ئىدى....

ـ مېنىڭچە،ـ دېدى تېخى بوۋاقلا يىغىن رەئىسلىكىگە ئۆستۈرۈلگەن ياش يىگىت، ـ تۇخۇم توغرىسىدىكى مۇهاكىمنى تېزدىن ئاخىرلاشتۇرساق، ئاقىللار كېڭىشى ئون يىلدىن بېرى ئاخىرقى يەكۈننى چىقىرالمىغىنى ئۈچۈن، نەچچە يۈز مىليون تونىنا تۇخۇم مەقسەتسىز ئىستېمالدىن توختىتىلىپ، چىرىپ زايە بولدى. بۇ مېكىيانلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇش ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار تۇخۇم تۇغماس بولۇۋالدى. خەلقىمىز توخۇ ۋە تۇخۇملارغا مۇهتاج، شۇڭا يەكۈن چىقىرىشنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

مەن رەئىسنىڭ سۆزىگە هەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. يېڭى رەئىسنىڭ كۆزىدە كۆزئەينەك يوق ئىدى. ئەمدى دىققەت ـ نەزىرىمنى ئولتۇرغانلارغا ئاغدۇردۇم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەينەكسىزلەر كۆپىيىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۈكرى، ئالىملىرىمىزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاخىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ ـ دە!

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

# شېئىرلار

*شائىرەم بارانوۋا(قازاقىستان)*

ئەمگەك ئەتىسە هوسۇل ئالار ئاشلىقتىن،
تەلەي بولسا گۈل ئۈنىدۇ تاشلىقتىن.
قورساق ئاچسا هېچ گەپ ئەمەس ئەۋزىلى،
ساقلىنايلى، خەلقىم، روهىي ئاچلىقتىن.

خەلقىدىن كەچكەن ئەرنى قۇت قوچمايدۇ،
ئەل بىلەن بىللە ياققان ئوت ئۆچمەيدۇ.
ئويغاق بولسۇن مىللىي غۇرۇر، ۋىجدانىمىز،
«هاكالانغان دەل ـ دەرەخقە قۇرت چۈشمەيدۇ».

ئېگىلەپ سىي ـ هۆرمەتسىز تۆرىمىزنى،
بىمەزگىل قىزىپ بىزنىڭ گۆرىمىزنى.

جان خەلقىم، جانغا پاتار شۇ بىر ئەلەم ـ
يېتەكلەر ئۆزگىلەر ئۆز ئۆمرىمىزنى.

يوق ئەزەلدىن بىپەرۋالىق ئادىتىم،
چىدىمايدۇ ئاڭا مېنىڭ هار دىتىم.
مۇشەققەتتە ئاۋال ئاللاھ، هە ئاندىن،
پەقەت سەنغۇ، خەلقىم، مېنىڭ مەدىتىم.

جان ئانامدىن ئۇيغۇر بولۇپ تۆرەلگەنمەن،
ئەزىز خەلقىم، خۇش كۆلكەڭنى كۆرەي دەيمەن.
مېنىڭسىزمۇ سىلەر ئۆمۈر سۈرىسىلەر،
مەن سىلەرسىز هەرگىز ئۆمۈر سۈرەلمەيمەن.




# ئانا ئۇ سولماس گۈل*

شاخناز ئۇشاموۋا (قازاقىستان)

(5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئانا!، نېمىدېگەن قەلبى دەريا، مېھرى تۈگمەس ئۇلۇغ ئىنسان! ئانا، مېنىڭ ئانا تىلىم سىزنىڭ ئاق سۈتىڭىز بىلەن مېنىڭ قەلبىمگە يۇغۇرۇلغان! شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۇلۇغ ئىنسان. سىزنىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىڭىزدا قانچىلىك ئىللىق مۇھەببەت بار ھە! مېھرىبان يۈرىكىڭىزدە بولسا بالىغا بولغان پۈتمەس تۈگمەس مۇھەببەت جۇشقۇنلايدۇ. ئۇنى مەن بۇلدۇقلاپ چىققان سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە ئوخشىتىمەن. سەۋەبى ئۇ دائىم سۈزۈك، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە يۈرىكىڭنى قاندۇرىدۇ، ھەم تۈگىمەيدۇ، چەكسىز... يۈزىڭىزدىكى ھەر بىر قورۇقتا يىللار داۋامىدىكى ئەمگىكىڭىزنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنىدۇ.

ھە، بىز بارلىق ئانىلارنىڭ بالا ئۈچۈن كۆيگەن يۈرىكىنى، مۇھەببەتنى، سەكپارە بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئۇيقۇسىز تۈنلىرىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. دائىم ئىززەتلىشىمىز زۆرۈر! ئانا دائىم سولماس گۈل، ئانا - ئۇ بىزنىڭ ئۇپرىماس قورغىنىمىز، ئانا - ئۇ ئۆينىڭ بەرىكىتى!

* غۇنچە ژۇرنىلى 2016-يىلى 2-سان

# ئانا، سېنى ئوخشىتىمەن تاڭنىڭ نۇرىغا[1]

مالىكا تاشبائەۋا (قازاقىستان)

(8-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئانا-دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل، مېھرى ئىسسىق، يۈرىكى تازا ئىنسان! ئانا-ۋەتەن، ئانا-مەكتەپ، ئانا-دۇنيا دەپ بىكار ئېيتىلمىسا كېرەك. سەۋەبى، ئانىدەك ئۇلۇغ ئىنسانغا تەڭداش نەرسە يوق بولسا كېرەك. ھەر بىر بوۋاق يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا مېھرىبان، يۈرىكى تازا بىر ئىنساننى كۆرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ-ئانا. ئانا دېسە تەۋرىمەيدىغان يۈرەك، سەزمەيدىغان سېزىم بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتا ئۆيىنىڭ بەرىكىتى. ئانا بولسا ئائىلىنىڭ ئىسسىقلىقىنى ساقلىغۇچى ئارقىلىق، تەۋرىتىپ ئېيتقان بۆشۈك ناخشىسى ئارقىلىق، ئەۋلادىنىڭ بويىغا ئادەمگەرچىلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئىنسانلىق خاسىيەتلىرىنى بالىنىڭ بويىغا سىڭدۈرىدىغان ئىنسان. دۇنيادا ئانىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۇلۇغ ھېچنەرسە يوق. ئانىنىڭ تىلى، ئانىنىڭ مۇھەببىتى، ئانىنىڭ تىلىكى-تىل بىلەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىر ياتقان دېڭىز. يورۇق دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ سېنىڭ ئەڭ يېقىنىڭ، دوستۇڭ، ئۇستازىڭ بار، ئۇ-ئانا.

## مەكتەپ[1]

مەسىجان تاشماگامەتوۋ

(بىلال نازىم نامىدىكى مەكتەپنىڭ 4-گ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

بىز مەكتەپكە بارىمىز،
مەكتەپ بىلىم كانىمىز.
ئۇستازىمىنىڭ سۆزىنى،
يۈرەكلەرگە يازىمىز.

بىز مەكتەپكە بارىمىز،
ئەقىل-تەربىيە ئالىمىز.
كىچىكنى بىز ئىززەتلەپ،
ھە، چوڭنى ھۆرمەتلەيمىز.

بىز مەكتەپكە بارىمىز،
بىلىم ئېلىپ كېلىمىز.
كېلەچەكتە ۋەتەنگە،
ئادىل خىزمەت قىلىمىز.

## ۋەدە[2]

گالىبىيەم يۇسۇپوۋ

(153-مەكتەپ گىمنازىيە، 8-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

مېنى باققان بوۋامنىڭ،
قوللىرىغا مەن سۆيەي.
ياخشىلىقنى ئۆگەتكەن،
موماملغا مەن باش ئېگەي.

ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن،
قىممەتلىك ئاتا-ئانام.
ئىنسابلىق ئادەم بولۇپ،
ئۆز بۇرچۇمنى ئۆتەيمەن.

مەندىن ئەمدى غەم قىلما،
يىگىت بولدۇم، چوڭ بولدۇم.
باقمەن دەپ سىلەرنى،
بىلەككىچە يەڭ تۈردۇم.

[1] غۇنچە ژۇرنىلى 2016-يىلى 2-سان
[2] غۇنچە ژۇرنىلى 2014-يىلى 1-سان

# مەن ئۆرلەۋېرىمەن*

## مايا ئەنجىلو ـ (ئامېرىكا)

تارىخقا پۈتۈپ قوي پۈتىۋەر مېنى،
بۇرمىلانغان قىرتاق يالغانلىرىڭدا.
مەيلى دەسسىسەڭمۇ پاتقاقلار ئارا
مەن ئۆرلەۋېرىمەن چاڭلاردەك گويا.

كۆڭلۈڭگە كەلدىمۇ ئەدەبسىزلىكىم؟
نە ئۈچۈن تۇتۇقلۇق كۆردۈم قاراڭدا؟
سەۋەبى ئاجايىپ مېڭىشلىرىم بار
ماي قۇدۇقى چىققاندەك مېھمانخانامدا.

ئايلاردەك ھەر كېچە، قۇياشتەك ھەر كۈن،
دولقۇنلار قوتۇلۇپ چىققاندەك چوقۇم،
ئوقچۇغان ئۈمىدلەر تاشقاندەك ئېگىز،
ئۆرلەيدۇ بار ـ يوقۇم.

كۆرۈشنى خالامتىڭ چېقىلغىنىمنى؟
يەر بويلاپ باش بىلەن ئېگىلگىنىمنى؟
ياشلاردەك تۆكۈلۈپ يەلكىلىرىمنىڭ،
يۈرىكىم قان يىغلاپ پۈكۈلگىنىمنى؟

جېنىڭغا تەگدىمۇ بۇ مەغرۇرلۇقۇم؟
نېمىدۇر ئېچىڭگە ئېلىپ كەتكىنىڭ؟
ھە، چۈنكى ھويلامدىن ئالتۇن كانىنى
تاپقاندەك ھىدى بار كۈلكىلىرىمنىڭ.

مەيلى سۆزلىرىڭدە ئېتىۋەت مېنى،
مەيلى چېپىۋەت كۆزلىرىڭدىلا.
مەيلى نەپرىتىڭدە ئۆلتۈرۈۋەتكىن
مەن ئۆرلەۋېرىمەن ھاۋادەك گويا.

جىنسىڭغا تەگدىمۇ جىلۋىگەرلىكىم؟
ھەيرانلىق ئېسىڭنى يېدىمۇ شۇ دەم ـ
ئالماسلار مىنىڭدەك ئۇيسۇلغا چۈشسەم
پۇتلىرىم جۈپلىنىپ بولغىنىدا جەم؟

چىقىپ تارىخنىڭ ئار كۆلبىسىدىن
ئۆرلەيمەن،
تۇرۇپ يىلتىزى دەرد ئۆتمۈشىدىن
ئۆرلەيمەن،

مەن ـ قارا ئوكيان تاشقان، كېڭەيگەن،
دولقۇنلار ئارىسىدا ئۇرغۇپ كۆچەيگەن،
ۋەھىمە قاپلىغان كېچىنى ئۇزۇپ
ئۆرلەيمەن،

سىغىنىپ بىر تاڭغا ئاجايىپ سۆزۈك
ئۆرلەيمەن،
ئەجدادلار تۇتقۇزغان ھەدىيە بىلەن
قۇللۇقنىڭ ئارمانى، ئۈمىدىدۇرمەن،
ئۆرلەيمەن،
ئۆرلەيمەن...

*ئىنگلىزچىدىن خەندان تەرجىمىسى*

# شېئىرلار*

فەرىدە ئەفرۇز (ئۆزبېكىستان)

## بىلدىم

بەلكى سورۇنلاردا كۈلگىنىم راستتۇر،
گۈل كىيگىنىم، گۈللىگىنىم، گۈل بولغىنىم راستتۇر،
كۈيلىگىنىم، كۆيدۈرگىنىم، كۈل بولغىنىم راستتۇر،
ئەمما، سىزسىز ھېچكىممەن، بىلدىم.

بىلدىم خۇددى تاڭلار ئاتقىنى كەبى،
قۇياش ھارغىن پاتقىنى كەبى،
ئاسماندا ئاي شورلۇق، بىناۋا،
ئوۋلاقتا ئاھۇلار ياتقىنى كەبى، بىلدىم.

ئون گۈلۈمدىن ئون گۈلۈم ئېچىلدى، سولدى،
ياپراقلىرىم سارغىيىپ چېچىلدى، سولدى،
ئىشق دېگەنگە كېپەنلەر پىچىلدى، سولدى،
ئەشىسىز، سىزسىز، ھېچكىممەن، بىلدىم.

بىلدىم، قانائەتنىڭ مەنزىلى خۇدا،
بىلدىم، سائادەتنىڭ تۈنلىرى زىبا،
تومۇردا ئىشق، دېگەن ئەلەم ئويغانسا،
بېشىڭغا بالادۇر، بالادۇر بالا، بىلدىم.

بىلدىم ، ئارمانلار ئۆمرى ئۇزاقتۇر،
پاياندار سېلىنغان يوللار تۇزاقتۇر،
بىلدىم، خىيانەتنىڭ يولى چىراغدۇر،
بىلدىم، بوينۇمدىكى مارجان ـ پىراقتۇر،
بىلدىم...

بەلكى، سورۇنلاردا كۈلگىنىم راستتۇر،
گۈللىگىنىم، گۈل بولغىنىم راستتۇر،
كۈيلىگىنىم، كۈل بولغىنىم راستتۇر،
ئاسماندا ئاي كەبى تولۇ بولغىنىم راستتۇر،
سىزسىز، سىزسىز ھېچكىممەن، بىلدىم...

## چاچلىرىمنى

چاچلىرىمنى رەيھان سۆيدى، بىلمىدىڭ،
تىللىرىمدىن تۆكتۈم ناۋات، بىلمىدىڭ،
تۆكۈل دېدىم، تۆكۈلمىدىڭ،تولمىدىڭ،
ئەمدى سېنىڭ كۆكسۈڭ ئۆزرە تاغ غۇلار،
ئەمدى مېنىڭ كۆكسۈم ئۆزرە داغ تۈنەر.


شاماللاردىن تۇتۇپ كەلدىم ئۆزۈمنى،
ھەر ناكەستىن ئېلىپ قاچتىم يۈزۈمنى،
چاچلىرىمغا زۇننار قىلدىم سۆزۈمنى،
ئەمدى سېنىڭ مەندەك ئارمىنىڭ بولماس،
ئەمدى مېنىڭ سەندەك ئاسمىنىم بولماس.

ئالتۇن ئالما پەرۋىشلىدىم بېغىمدا،
ئالۋاستىلار ئۈزۈپ كەتتى بېغىمدىن،
ئىچسە يىلان ئەمدى قېنىمدىن،
ئەمدى سېنىڭ باغلىرىڭدا كۆز يىغلار،
ئەمدى مېنىڭ قىسمىتىمدە سۆز يىغلار.

*ئۆزبېكچىدىن ئەزىزى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان*

---

* «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىللىق 6 ـ ساندىن ئېلىندى



# قەشقەردىن ياڭرىغان سادا...*

گۈلباھار ناسىرووۋا (قازاقىستان)

تارىخىي ئەسلىمە

*سالام قەشقەر، ئانا قەشقەر، گۈزەل قەشقەر!*
*يۈرىكىمنىڭ قېتىدىكى غەزەل قەشقەر.*
*تىلغا ئالسام سېنىڭ قۇتلۇق شۇ نامىڭنى،*
*لەۋلىرىمدىن تامچىلايدۇ ھەسەل قەشقەر!*

*سەنغۇ يۇرتى ئەسلى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ،*
*ۋەتىنىغۇ داڭلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ.*
*سەنغۇ يۇرتى شائىر گۇمنام، نىزارىنىڭ،*
*ماكانىغۇ ئۇيغۇرۇمغا خاس تارىخنىڭ.*

*قۇچىقىڭدا كىچە ـ كۈندۈز ياڭراپ «تاشۋاي»،*
*تەۋرىتىدۇ سازغا تەشنا يۈرەكلەرنى.*
*ئاسمىنىڭدا نۇرلار چېچىپ يۇلتۇز ۋە ئاي،*
*يورۇتىدۇ تۇم ـ قاراڭغۇ تۈنلەرنى.*

شائىر ئىلھام بىلەن ئەنە شۇنداق كۈيلەيدۇ. پەخىرلەن، قەشقەرلىك! سېنىڭ يۇرتۇڭ ئالىملار، ئەدىبلەر يۇرتى! پەخىرلەن!

ئۇيغۇرغا خاس تارىخنىڭ ماكانى ـ ئىپارخان، مايىمخان، ئامانىنساخان، نۇزۇگۇم كەبى جەسۇر قىزلارنىڭ كۈرەش قىلىپ، قوشاقلار قېتىپ، ئابدۇرىشىتخان، سۇتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ قىدىرخان كەبى خاقانلىرىنىڭ ۋە پادىشاھلىرىنىڭ، جۈمە كەشمىر، ھېلىم ـ سېلىم، ئاخۇنۇم كارۇشاڭ كەبى تەڭدىشى يوق مۇقامچىلىرىنىڭ ياشاپ ئۆتكەن سىرلىق، سېھىرلىك جەننەت دىيارىڭ بىلەن پەخىرلەن! پەخىرلەن، قەشقەرلىك! دۇنياغا مەشھۇر ئەنجۈر، ياڭاق، ئانار، ئالمىلىرىڭنى، سەنئىتىڭنى مەدھىيەلەپ شائىر تىنماي ئىلھام بىلەن كۈيلەيدۇ، پەخىرلەن! ئەنە شۇ تاپتا يىراق ـ يىراقلاردىن يېقىملىق بىر تونۇش ئاھاڭ

* بۇ ئەسەر قازاقىستاندىكى نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ئاپتورنىڭ رۇخسىتىگە ئاساسەن تەھرىرلەندى.

ئاڭلانغاندەك بولىدۇ. ئاشۇ تونۇش ئاھاڭ يەنە شۇ سىرلىق سېھىرلىك قەشقەر دىيارىدىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ.

ھە، بۇ ئاھاڭ پەقەت قەشقەر دىيارىغىلا تەئەللۇق. ئىجراچىنىڭ مەيىن ئاۋازى، ئۇنىڭ بار ۋۇجۇدى، ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ناخشىنى ئورۇنلىشى، پەقەت قەشقەر دىيارىغا خاس قايتىلانماس يۈكسەك ماھارەت!

قانداق مۆجىزە، سىر باردۇر بۇ قەشقەر دىيارىدا؟ قەشقەر توپىسىغا كىندىك قېنى تامغان ئىنسانلارغا تەقلىد قىلىپ بولماس! ئۇلار ئۆزگىچە! ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئۆزگىچە! ناخشا ئېيتىشىمۇ ئۆزگىچە! ئەنە باياتىن يىراق-يىراقلاردىن ئاڭلانغان تونۇشلا سادا ئەمدى تېخىمۇ ئېنىق ۋە سىرلىق ئاڭلانماقتا!

ئابدۇرېھىم ئەخمىدى... ھە، باياتىن ناخشا ئېيتىۋاتقان ھاپىز، تەبىئەتنىڭ، قەشقەر دىيارىنىڭ بىز ئادەملەرگە تەقدىم قىلغان يەنە بىر بۈيۈك سەنئەتكارى - ئابدۇرېھىم ئەخمىدى...

ھە، ئۇلۇغ دىياردىن ئۇلۇغ ئىنسانلار تۇغۇلىدۇ. لېكىن نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇڭلىنىدىغاندۇ ناخشىچى؟ ئۇنىڭ ئاھاڭىدا، قاراشلىرىدا، ھەر بىر نەپەسىدە ئالەمچە مۇڭ بار... بەلكىم بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەشقەر دىيارىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرىدىن تولىمۇ ئەتىگەن مەھرۇم بولغان بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەۋاتامدىكىن. ئېھ، ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى شېرىن بولمىغان-دە... ئاللا يېتىملىكنى ھېچ بەندىسىگە نېسىپ قىلمىغاي.

1927-يىلى 12-ئاينىڭ 20-كۈنى دۇنياغا كۆز ئېچىپ، بارى-يوقى بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە، ئانىسى سائادەتخان ئون بالىنى قىڭغىر قاقشىتىپ مەڭگۈگە كۆز يۇمدى. بەزىدە ھايات تولىمۇ شەپقەتسىز. نارەسىدە ئەمدىلا بەش ياشقا تولغاندا رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى دادىسىدىنمۇ ئايرىۋەتتى. ھېيت - ئايەملەردە تام تۈۋىدە بويۇن قىسىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئەسلەۋاتامدىكىن ھاپىز... ئاتا - ئانىسى بار بالىلارنىڭ ئەركىن ئويناپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، ھەدىلىرى ھېيتلاپ چىققان ئۆيلەردىن يېڭىنىڭ ئۇچىغا تۈگۈپ چىققان تۆت تال جىگدە ۋە بىر تال قەنتنى تۇتقۇزۇپ، پېشانىسىدىن سۆيۈپ ئاتا-ئانىلىرىنى ئەسلىشىپ، كۆز ياش قىلغانلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتسا كېرەك. بالىنىڭ كىيلەچەك تەقدىرى، ئۇنىڭ تەربىيەسى ئەمدى مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ تۇنجىسى قاسىمنىڭ ئىلكىگە قالدى.

قەشقەر خەلقى ئەزەلدىنلا سەنئەتكار خەلققۇ. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى شىمال كۆيلىرىدىن پەرق قىلغان ھالدا مۇڭلۇق ياڭرايدۇ. ئۇلار بار دەردى - ئەلەملىرىنى پەقەت ناخشا ئارقىلىقلا ئىپادىلەپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، خەستە كۆڭۈللىرىگە تەسەللىي ئىزدەيدۇ.

بۇ جەھەتتىن ئەخمىدىلەر ئائىلىسىنىڭ ئېيتىدىغان ناخشىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ھەسرەتلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەخمىدىلەرنىڭ تۇنجىسى قاسىم ئۆزىنىڭ يېقىملىق ۋە كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى ئەسكى تاملارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، قولاق تۇتۇپ تووۇلىغىنىدا، پۈتۈن مەھەللىدىكى ئادەملەر زوقلىنىپ تىڭشاپ ھۇزۇرلىناتتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىكلەرلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تەبىئەت، قۇشلارمۇ تەڭكەش قىلىپ، چوڭ سىمفونىيە ھاسىل قىلغاندەك مۇڭلۇق سايرىشاتتى.

ئەلۋەتتە، مۇنداق چاغلاردا قېشىدا دائىم كەنجى ئىنىسى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئۇنىڭغا جور بولاتتى.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدى 1934 - يىلدىن باشلاپ تۈركىيەدە ئوقۇپ كەلگەن زىكرىيا ئەپەندىمنىڭ قولىدا ساۋادىنى چىقاردى ۋە كېيىنچىرەك قەشقەردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىلىم ئالدى. يازلىق تەتىل پەيتلىرىدە مال-ۋارانلارنى جاڭگالغا ئاپىرىپ كەچكىچە بېقىپ ھەم تومۇز كۈنلىرى سېيىر - توپاقلىرىنى قوشۇپ باغلاپ، خاماندا بۇغداي يەنچىگەندە، خامان تەپكەندە، ئاكىسى قاسىمدىن ئۆگەنگەن خامان ناخشىلىرىنى بىر نىدا بىلەن قانچە ئېيتمىسۇن، كىچىككىنە يۇمران قەلب ئۆزىنىڭ چارچىغىنىنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدىگە بولۇپمۇ «كوچا ناخشىلىرى» بەكمۇ ياقاتتى. «...كەچقۇرۇنلۇقى ھويلىدا ئولتۇرۇپ كوچىدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارنى زوق بىلەن تىڭشايتتىم» دەپ بالىلىق دەۋرىنى ئەسلىگەن ئىدى ھاپىز. قەشقەر كوچىلىرىدا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقان ياشلارنىڭ ئارىسىدىن شوخراق بىرى ناخشىنى باشلايتتى، ئاندىن ئۇنى ئىككىنچىسى داۋاملاشتۇراتتى، ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسى قوشۇلۇپ بۇ ناخشىلار ئەۋجىگە چىقىپ ھەر كىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. بۇ ناخشىلاردا ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت، ئايرىلىش، قايتا دىدارلىشىش تۇيغۇلىرى ئىپادىلىنەتتى، دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ناخشىلاردا ۋەتەن، تۇغۇلغان يۇرت، ئانا ئوبرازى مەدھىيىلىنەتتى. مەن بۇ ناخشىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن «كوچا ناخشىلىرى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلىۋالدىم. چۈنكى ئۇ ناخشىلار تولىمۇ يۇقىرى ئاھاڭدا ئېيتىلاتتى. مەنمۇ بۇ ناخشىلارنى كېيىنچىرەك يۇقىرى ئاۋازدا ئىجرا قىلىشقا

تىرىشاتتىم».

ھەقىقەتەنمۇ خەلق ناخشىلىرى چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە. خەلقىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، تارىخىنى، خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن «كوچا ناخشىلىرى»نىڭ ئاشۇنداق نازۇك خۇسۇسىيىتى، نەپىسلىكى ياش ناخشىچى ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ يۇمران قەلبىنى تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە مەھكەم ئورۇن ئالدى.

ئەسلى قەشقەر ئادىتى بويىچە خامان تەپكەندە «لايلۇ» ناخشىسى ئېيتىلىدۇ. ئۇ ناخشىنى ئەزەلدىن ئاتا - بوۋىلار ئېيتىپ كەلگەن. ئاكىسىدىن ئۆگىنىۋالغان ئاشۇ ناخشىسى ئابدۇرېھىمنىڭ قەلب تۆرىدىن مەھكەم ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىي پائالىيىتىدىكى ھاياتلىقىنىڭ گىمنى بولۇپ ياڭراۋەردى. چۈنكى ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ كەسپىي سەنئەت كۇرسلىرىدا ئىجادىي پائالىيىتىنى باشلىغاندىن بېرى، ئىشلىگەن ۋە رەتلىگەن مۇزىكا، ناخشىلىرى ئەنە شۇ خامان ماۋزۇسى ئاساسىدىكى ناخشىلار ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «يارۇنىڭ» بىرىنچى ۋارىيانتى قىسقا بولغان بولسىمۇ، «لايلۇدىن» ئىسلاھ ئېلىپ، ئىككى قىسىملىق قىلىپ، بىر دارامەت ئىككى ئەۋجى بىلەن قوشتى. ئىككىنچى قىسىممۇ خۇددى شۇنداق تۈزۈلۈپ، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئىجراسىدىكى «يارۇ» ناخشىسى بىز تاماشىبىنلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ناخشىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدى 1948 - يىلى ئۈرۈمچى سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، كەسپىي ناخشىچى سۈپىتىدە يەتتىسۇ ئۆلكىسىدە خېلىلا تونۇلۇشقا باشلىدى. ئەخمىدى ئىجراسىدىكى ھەر بىر يېڭى ناخشىنى ئادەملەر يېنىپ - يېنىپ تىڭشىغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن تونۇشقۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەخمىدى ناخشىلىرىنىڭ شەيدالىرى كۈن ساناپ كۆپىيىشكە باشلىدى. بىر كۈنى ياش ناخشىچىنىڭ يالغۇز كىشىلىك كونسېرتىنى خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى تاماشا قىلدى ۋە يېنىدىكىلەرگە «بۇ بالىنى نەزەردىن سىرت قالدۇرماڭلار، ھەممە جەھەتتىن ياردەم بېرىپ قوللاڭلار» دەپ جېكىلىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ياش ناخشىچىنىڭ تۇرمۇشىدا ھەم ئىجادىي يۈكسىلىشىدە كەڭ شارائىتلار يارىتىلغاچقا، يالغۇز كىشىلىك كونسېرت پروگراممىلىرىنى چوڭ سەھنىلەردە نامايان قىلىشقا باشلىدى.

ھە، ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ناخشىلىرى پەقەت ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس، قەشقەر، شىخۇ، شىئەن، ھەتتا بېيجىڭدىمۇ ياڭرىدى. ئۇ ئەمدى پات - پاتلا چەت ئەللەرگە ئىجادىي سەپەرلەرگە ئاتلىنىدىغان بولدى. چەت ئەلگە، فېستىۋاللارغا قاتنىشىدىغان تاللانغان ئارتىسلارنىڭ تىزىملىكىدە ئۇنىڭ ئىسمى ئورۇن ئالاتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئابدۇرېھىم ئەخمىدى غۇلجىدىكى سەنئەت ئۆمىكىدە ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئەنە شۇ يىللىرى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ھاياتىدا چوڭ بىر خۇشاللىق ۋەقە سادىر بولدى. ئۇ بولسىمۇ ئۆزى ئوخشاشلا مۇڭگى بىر، كىچىكىدىن يېتىملىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ ئەمدىلا بالاغەت يېشىغا تولغان تۇرانقىز ئىسىملىك ئاشۇ ئۆمەكنىڭ تالانتلىق ناخشىچى قىزى بىلەن تونۇشۇپ، بىر-بىرىگە مېھرى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، غېنى باتۇر كەبى خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك سەردارلىرى ئىككى ياشنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ تەشەببۇس قىلىپ ئۆتكۈزگەن ھۆكۈمەت دەرىجىسىدىكى توي مەرىكىسى پۈتكۈل غۇلجا خەلقىنى تەۋرىتىۋەتكەن ئىدى! ئۇ كۈنى يۈزلىگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك سەنئەتكارىنىڭ خۇشاللىقىغا، بەختىيار چاغلىرىغا چىن قەلبىدىن ئورتاق بولۇشۇپ، ئىككى ياشنىڭ باسقان قەدەملىرىنى باھارنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرىگە ئورىۋەتكەن ئىدى.

1948 - ، 1950 - يىللار ئابدۇرېھىم ئەخمىدى تارباغاتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىك تىياتىرلىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىلايەتكە مىللىي كادىرلارنى تەييارلاشتا كۆپ كۈچ چىقاردى. شۇنداقلا ئەر - ئايال ئەخمىدىلەر پەقەتلا كونسېرت پائالىيىتى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، «ئارشىن مال ئالان»، «غۇنچەم»، «غېرىب - سەنەم»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق مۇزىكىلىق كومېدىيە، دىرامىلاردا باش ئوبرازلارنى يارىتىپ چوڭ ئالقىشلارغا ئېرىشتى.

ئاشۇ ئەللىكىنچى يىللاردا ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ كەسپىي سەنئەتكار سۈپىتىدە مىڭلىغان تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئابرۇيى، ھۆرمىتى كۈندىن كۈنگە كۆتۈرۈلۈۋەردى. چۈنكى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ھېچقاچان سەھنىگە يېڭىلىقسىز چىقمايتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر كونسېرتىدا خەلق ئۇنىڭ تالانتى، قايتىلانماس ماھارىتى، پەقەت ئەخمىدىگىلا خاس ئىجادچىلىق قابىلىيىتىنىڭ يېڭى قىرلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىناتتى.

بولۇپمۇ شۇ ئەللىكىنچى يىللار دولقۇنلىرىدا ئابدۇرېھىم ئەخمىدى يالقۇنلۇق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن



ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا شۆھرەت قازاندى. ئادەملەر ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئىجراسىدىكى «تەنلىرىم ياپراق»، «زۆھرە جېنىم» قاتارلىق ناخشىلارنى بىر قېتىم بولسىمۇ تىڭشاشنى ئارزۇ قىلىپ، تەشنالىق بىلەن ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئەخمىدى قاتنىشىدىغان كونسېرتلارغا يېتىپ كېلىشەتتى. ئاشۇ ناخشىلارنى تىڭشىغاچ، زالدىكى ئادەملەر ئېغىر نەپەس ئېلىشىپ، مىسكىن كۆڭۈللىرى سۇ ئىچىپ ئارام ئالغاندەك سۆيۈملۈك ناخشىچىسىغا ئاپىرىن ئەيلىشىپ داۋاملىق ئالقىشلار بىلەن سەھنىدىن قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن تەسلىكتە خوشلىشاتتى. شۇ يىللاردا ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى ئىجرا قىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. بۇ ناخشىلار شۇ دەۋر روھىغا ناھايىتى ماس ۋە ئاھاڭداش ئىدى. چۈنكى مەملىكەتتىكى ئەھۋال ناھايىتى تەشۋىشلىك ئىدى. ئەخمىدى ئىجراسىدىكى ل.مۇتەللىپ ناخشىلىرىنىڭ خەلققە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە بىر قانچە يىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇرغان، ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن مەدەنىيەت ئەربابى، ئۆزبېكىستان دۆلەت تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو خەۋەرلىرىنى ئاڭلىتىش كومىتېتى رەئىسىنىڭ سابىق ئورۇنباسارى مەرھۇم خېلەم خۇدايبەردىيېۋ مۇنداق دەپ خاتىرىلىگەن: «...شەخسەن مەن ھاياتتا ل.مۇتەللىپنى كۆرمىدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىسامۇ، ئۇنىڭ ئىجادىنى ياخشى بىلەتتىم. خەلق ئۇ ھەققىدە مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە ھېكايە قىلاتتى ۋە تونۇتاتتى. لېكىن مەن ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ئىجراسىدا مۇتەللىپ ناخشىلىرىنى تىڭشىغىنىمدا، ناھايىتى تەسىرلىنىمەن.

بارى - يوقى يىگىرمە ئۈچ يىل ئۆمۈر سۈرۈپ، تەقدىرى پاجىئەلىك ئاياغلاشقان، ئىسمى خەلقىمىز ئارىسىدا رىۋايەتكە ئايلانغان شۇ ئىسيانكار، ئەر يۈرەك شائىرىمىز ئوبرازىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىمەن. مەن بۇنىڭدا ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ شۇ ناخشىلارنى پەقەت ئۆزىگىلا خاس يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلىپ زالدىكى تاماشىبىنلارنى قايىل قىلغۇدەك قۇدرىتىگە ئاپىرىن ئېيتىمەن. ئەخمىدى شۇ ناخشىلارنىڭ ھەر بىر مىسراسىنى، ھەر بىر سۆزىنى خۇددى بىر رومانىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلغاندەك كەڭ مەنىدە تىڭشىغۇچى قەلبلەرگە يەتكۈزۈشنى بىلەتتى. ئۇ بەزىدە ئېغىر تىنىق ئېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ قەھرىمان ئوبرازىغا چۆكۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، پەقەت ئابدۇرېھىم ئەخمىدىگىلا خاس يۈكسەك ماھارەت دەپ بىلىمەن».

1950-يىلى ئەر- ئايال ئەخمىدىلەر ۋىلايەتتىكى تاللانغان سەنئەتكارلار قاتارىدا قولىدا ئۇن ئايلىق

تۇنجى ئوغلى مۇراتنى كۆتۈرۈپ شىئەن شەھرىدە قۇرۇلتايدا، ئاندىن بېيجىڭدا بولۇپ ئۆتكەن دۆلەت بايرىمى تەنتەنىلىرىگە قاتنىشىپ، بېيجىڭنىڭ ئەڭ چوڭ كونسېرت زاللىرىدا ناخشا ئېيتتى. ئاشۇ تەنتەنىگە قاتناشقان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستانلىق بىر قاتار سەھنە ماھىرلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئۆز ناخشىلىرىنى ئۆزبېك، قازاق، رۇس، كورىيە خەلقلىرىنىڭ ناخشىلىرى بىلەن بېيىتتى ھەم ئۇ ناخشىلىرى 1956 ـ يىلى شۇ يىللاردىكى مەدەنىيەت نازىرى(مىنىستىرى) زىيا سەمەدىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيەت ھەيئىتى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە، 1957 ـ يىلى بولسا، موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن جاھان ياشلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۇنياۋى ئالتىنچى فېستىۋالىدا ئورۇنلىدى.

شىنجاڭ ئارتىسلىرى ئالمۇتادا ئاباي نامىدىكى ئوپېرا ۋە بالېت تىياتىرى بىناسىدا كونسېرت كۆرسەتتى. ئالمۇتالىق تاماشىبىنلار ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، پاشا ئىشان، ھۆسەنجان جامى كەبى سەھنە يۇلتۇزلىرىنىڭ يۈكسەك سەنئىتىگە، ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشىپ گۈلدۈرلىگەن داۋاملىق ئالقىشلار، قۇچاق ـ قۇچاق گۈللەر بىلەن قارشى ئېلىشتى. ئەنە شۇ كونسېرتتا ئالمۇتادىكى كەسپىي ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ باش رېژىسسورى سېرگېي رۇبېنوۋىچ باشويان تاماشىبىن زالىدا ئولتۇرغاچ، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى كەبى تالانتنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىگۈچى ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى «ئانارخان»دىكى ھەمراھ، «غېرىب ـ سەنەم»دىكى غېرىب روللىرىدا خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلىپ، چوڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن ھاياجان ئىلكىدە ناخشىچىنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تەزىم قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇر تىياتىرى شۇ يىللىرى ھەقىقەتەنمۇ ئابدۇرېھىم ئەخمىدى كەبى يۇمشاق تېنور ئاۋازلىق ئارتىسقا تولىمۇ موھتاج ئىدى.

خۇلاسە، سىرتتىن قارىغاندا ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ھاياتى پەقەت قىزغىن ئىجاد قوينىدا يالغۇز كىشىلىك كونسېرتلىرىنى بېرىپ، ئويۇن ـ كۈلكە، تاماشىلار قاينىمىدا ئۆتكىنى بىلەن، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتە پەقەتلا ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن ئەمەس، مەملىكەتتىكى ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە پۈتكۈل خەلقنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى ئۈچۈن خەۋپلىك سىياسىي دولقۇننىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئالدىنئالا بىلىپ سەزدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە 1949 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ئىشەنگەن ئەڭ يېقىن ئادىمى ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى بىر توپ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى «ئايروپىلان ھالاكىتى»دە سىرلىق ۋاپات بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ 60 ـ يىللىرى باشلانغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاقىۋىتىدە ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى يۈزلىگەن مىللىي زىيالىيلار ئۆلتۈرۈلدى، تۈرمىلەرگە تاشلاندى، يىراق ـ يىراقلاردىكى قالاق ئۆلكىلەرگە پالاندى.

1961 ـ يىلىنىڭ كەچكۈز ئايلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ياقا يۇرتلاردىن پانا ئىزدەپ، كۆچۈش دولقۇنلىرى راسا ئەۋج ئېلىۋاتقان پەيتى ئىدى. ئاردا «ئەخمىدى ئائىلىسى بىلەن سوۋېتقا كۆچۈپ كەتكۈدەك» دېگەن خەۋەر ھەممىگە پۇر كەتتى. بۇ سۆزگە ئەلۋەتتە، ئىشەنمىگەنلەرمۇ بولدى. چۈنكى ئۇ يىللىرى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدا ئۇستاز ۋە يېتەكچى رەھبەر سۈپىتىدە قىزغىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئاۋام خەلق پەقەت قازاقىستان چېگراسىغا يېتىپ كەلگەندىلا، بايىقى ئاچچىق ھەقىقەتكە ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ كۈنى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆپلىگەن ئادەملەر چېگراغا يىغىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەرگە ئاپتوبۇستا، بەزىلىرى ئات ـ ئۇلاغلىرىنى مىنىشىپ، ھە بەزىلىرى بولسا شۇنچە يىراق يوللارنى پىيادە بېسىپ ئالدىرىشىپ يېتىپ كېلىشتى. بۇ ئادەملەرنىڭ مەقسىتى ـ بىرلا! ، ئۇ بولسىمۇ سۆيۈملۈك سەنئەتكارنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى بۇ كۆڭلى يېرىم ئاۋام خەلق...

ئېھ، ئايرىلىش، ۋىدالىشىش نېمە دېگەن ئېغىر! كىچىكىدىن بىللە ئويناپ، بىللە ئوقۇپ بالاغەتكە يەتكەن دوستلىرى، ھاياتنىڭ ئەڭ ئېغىر سىناقلىرىدا بىر بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، بىر پارچە زاغرا ناننى تالىشىپ يەپ چوڭ بولغان قوۋم ـ قېرىنداشلىرى، يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلىشىش ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر! ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدە نەم، ئالەمچە مۇڭ ـ تەشۋىش. ئۇلار ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك ناخشىچىسىغا قىيماي ئۇنىڭ دىدارىغا تويماي تەلمۈرۈپ باقاتتى. مۆتىۋەر ئانىلار پېشانىسىدىن سۆيۈپ، قوللىرىدىكى تەۋەررۈك توقاچلىرىنى سۆيۈملۈك ئوغلىغا چىشلىتەتتى. خوشلىشىش ئالدىدا ئاشۇ يىغىلغان پۈتكۈل خەلق ئاممىسى ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ بىر ناخشا ئورۇنلاپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. سوغۇق شامالغا قارىماي،

ئۇستىدىكى چاپىنى بىلەن قولاقچىسىنى يېشىۋېتىپ، ئېگىزرەك دۆڭنىڭ ئۇستىگە خۇددى سەھنىگە چىققاندەك كۆتۈرۈلگەن ھاپىز، ھەممە ئۇزاتقۇچىلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاچ ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىخلاس بىلەن سۆيۈملۈك ناخشىسىنى باشلىۋەتتى!

ئېھ، شۇ كۈنكى ئېيتىلغان ناخشا، پۈتكۈل شىنجاڭ ئاسمىنىغا دولقۇنلاپ كەتتى دېسىڭىزچۇ!

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ...
گۈلئايشەم،
تالاشقان شەھىرىڭ قالدى...

ناخشا تاماملىنىشى بىلەن ئاپئاق ساقاللىق مۆتىۋەر بوۋاي گىرىمسەن كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان تارام-تارام ياشلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچىغا سۈرتكەن ھالدا تەمتىلەپ ئادەملەر توپىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى-دە، ناخشىچىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ بىر نەرسىلەرنى دېيىشكە تەمشەلدىيۇ، لېكىن قاقشاۋاتقان قەلب نىداسىنى باسالماي ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرسىلە، ئىلتىماس!

— ياق دېمىسىلە، ئۇستاز...

— راست، راست، ناخشىلىرىنى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلاپ قالايلى! — دەپ تەرەپ-تەرەپتىن گەپكە ئارىلاشتى ئادەملەر. ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ «ماقۇل» دېگەن ئىشارىنى بىلدۈردى-دە، ئۆتكۈر قاراشلىرى بىلەن يىراق-يىراقلارغا بىر بېقىپ، ۋەتەن تۇپرىقىدىن قوللىرىغا بىر ئوچۇم ئالغاچ، ئۇنى قول ياغلىقىغا ئوراپ مەھكەم چىگىپ قوينىغا سالدى-دە، ئىستىقلالىيەتكە تەشنا مىڭلىغان قەلبلەر نىداسىنى ئىزھار قىلغاندەك لۇتپۇللانىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلدى.

كۆپلىگەن تەلەپلەرگە بىنائەن، رەپىقىسى تۇرانقىز بولسا قولىغا ئۆزىنىڭ دۇتارىنى ئېلىپ، «ھارۋىكەش ناخشىسىنى» ئېيتىپ بەردى.

مانا بۇ ئۇنتۇلماس تەسىرلىك خاتىرىلەرنى تۇرانقىز ھەدە ئابدۇرېھىم ئاكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىز سۆھبەتلەشكىنىمىزدە ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكەن ئاشۇ تەسىرلىك ھېكايىدىن كېيىن، ئابدۇرېھىم ئاكا بىلەن ئۇ ھايات ۋاقتىدا نېمىشقا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ، بىرەر ھېكايە يازالمىدۇق؟ ئىسىت... نېمىشقىدۇر بىز ئاشۇنداق بۈيۈك ئىنسانلار ئارىمىزدا يۈرگەندە خۇددى ئۇلار مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بىپەرۋا قارايدىكەنمىز. ئۇلار بۇ ھاياتنى تەرك ئېتىپ، باقىغا كەتكەندە بولسا، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى جانلاندۇرۇشقا تىرىشىپ، شۇ تەۋەررۈك ئىنسانلارنى كۆرگەن، بىلگەن يېقىنلىرىنى ئىزدەپ، باھالىق مەلۇماتلارنى يىغىپ ئاۋارە بولىدىكەنمىز. تۇرانقىز ھەدىنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسىنى تىڭشىغانسېرى، ئۆز ئەيىبىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھېس قىلدۇق.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنى بىلەن خوشلاشقان دەقىقىلىرىنى پولشا كومپوزىتورى ئوگىنسكىينىڭ ئۆز ۋەتىنى بىلەن مەشھۇر «پولونېزى» ئارقىلىق خوشلاشقىنىغا قىياسلىدۇق.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى تەقدىرنىڭ ئاچچىق تەقەززاسى بىلەن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، قېرىنداشلىرىنى، ۋەتىنىنى تەرك ئەتتى. پەقەت ۋەتىنىنىلا ئەمەس، پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان، مەريەم ناسىر كەبى ئۇنلىغان شاگىرتلىرى، مىڭلىغان، مىليونلىغان ئەخمىدى ناخشىلىرىغا تەشنا ئەزىز يۈرەكلەرنى تەرك ئەتتى...

ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر تىياتىرى كوللېكتىپىغا ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، تۇرانقىز زەيناخۇنوۋا، مەشھۇر ئۇسسۇلچىلاردىن ئامىنە يۈسۈپوۋا، ھاۋاخان ئەزىزوۋا، سازەندە ۋە بالېتمېيستېر مەھەممەتجان ئەزىزوۋ، قادىررازى مەھەممەتوۋلارنىڭ كېلىپ قوشۇلۇشى تىياتىر كوللېكتىپى ۋە قازاقىستانلىق تاماشىبىنلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى چوڭ خۇشاللىق تارىخىي ۋەقە بولدى. ئالدى بىلەن تىياتىرنىڭ كونسېرت پروگراممىلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ، ئىلگىرى كۆپچىلىككە نامەلۇم بولغان كۆپلىگەن يېڭى ئەسەرلەر بىلەن تولۇقلاندى.

1964-يىلى ۋ.شېكسپىر تۇغۇلغىنىنىڭ 400 يىللىقىغا بېغىشلانغان «ئوتېللو» (رېژىسسېرى س.باشويان) ئەسىرىدە ئابدۇرېھىم ئەخمىدى مونتاتو رولىنى ئىجرا قىلدى. 1965-يىلى ئۇ.گادژىبېكوۋنىڭ «مۇيسەرنىڭ ئىشى» (رېژىسسېرى ئى.كۇرۇموۋ) ئەسىرىدە - چابانەلى رولىنى ئوينىدى. «مەشەدى غۇبات» مۇزىكىلىق كومېدىيەسىدە رىزابېك، س.ژامالنىڭ «قارا گۆل»دە (رېژىسسېرى س.باشويان) نادىر، ي.مۇخلىسوۋنىڭ «نەسىردىن ئەپەندى» ئەسىرىدە شائىراخۇن، ن.پوگودىننىڭ «ئۈچىنچى پاتېتىكلىق قىسسە» ئەسىرىدە كۇماكىن، 1967-يىلى

ق.ھاسانوۋ ۋە س.باشويانىنىڭ «نۇزۇگۇم» مۇزىكىلىق دىرامىسىدىكى ـ باقى، 1969 ـ يىلى ز.سەمەدىنىڭ «لاشمان» (رېژ.د.سادىروۋا) دىرامىسىدىكى ـ ئىلەم، 1970 ـ يىلى ئۇ.گادژىبېكوۋنىڭ «ئارشىن مال ئالان» (رېژ.س.باشويان) مۇزىكىلىق كومېدىيەسىدىكى ـ ئەسقەر كەبى ئوبرازلار ـ ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ئاكتىيور سۈپىتىدە ئورۇنلىغان ئىشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق چوڭ ۋە كىچىك روللارنى ئوينىغاندا، سپېكتاكىللاردىكى ئارىيەلەرنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلغان بولسىمۇ، دىراماتىك روللاردا ئاكتىيور ھەقىقەتەن قىينالدى. پەقەت ئۆز ئۈستىدىن تىنىماي ئىزدىنىشى ۋە بولۇپمۇ رېژىسسور س.باشويان بىلەن ھەمكارلىقتا ئىشلىشى تۈپەيلى، ئاكتىيور بۇ جەھەتتىمۇ تىلغا ئالغۇدەك ئالاھىدە ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى.

بۇنىڭغا مىسال، ئۇيغۇر ئايالىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان تۇنجى كەسپىي رېژىسسور دىلەرەم سادىروۋا ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە ئالاھىدىلىكنى جارى قىلىش مەقسىتىدە 1970 ـ يىلى ش.خۇسائىنوۋنىڭ «ئاپىرىن، گەككۇ!» مۇزىكىلىق دىرامىسىنى سەھنىلەشتۈرۈپ، بۇ سپېكتاكلغا م.باقىئېۋ، ئە.سوپىئېۋ، م.زەيناۋدىنوۋ، ك.زاكىروۋ، ت.بەختىبائېۋلار قاتناشتى. سپېكتاكلدا ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئىجرا قىلغان ناخشىچى ئىبراينىڭ رولى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق چىقتى. بۇ ئەسەردە ئا.ئەخمىدى ناخشا ئىجرا قىلىش ماھارىتى بىلەن بىللە، ئاكتىيورلۇق ماھارىتىنىمۇ نامايان قىلالىدى.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدى دەسلەپ تىياتىر رېپېرتۇئارىدىكى بىر قاتار سپېكتاكىللارنىڭ ئاممىۋى كۆرۈنۈشلىرىدە، كىچىك روللاردا ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي «غېرىب ـ سەنەم» سپېكتاكلىدىكى ـ غېرىب، «ئانارخان»دىكى ـ ھەمراھ، «ئارشىن مال ئالاندىكى» ـ ئەسقەر، «مۇيسەرنىڭ ئىشىدىكى» ـ چابانەلى ئوبرازلىرى ئۈستىدە ئىشلىگەندە بولۇپمۇ لىرىكىلىق كۆرۈنۈشلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئويناپ، ئەخمەت شەمىئېۋ، غۇلامخان ژەلىلوۋ، مەخپىر باقىئېۋ، روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋا كەبى ئۇيغۇر تىياتىرى سەھنە چولپانلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا بىر سپېكتاكلدىن ئىككىنچىسىگە تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئۆتۈپ، ئوبدانلا ھەققانىيلىقىقا ئېرىشتى. نەتىجىدە مەزكۇر سەھنە ئەسەرلىرى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كەڭ تاماشىبىنلىرى ئارىسىدا چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئاشۇنداق ئىجادىي سەپەرلەردە تاماشىبىنلار ئابدۇرېھىم ئەخمىدى قاتنىششىدىكى كونسېرتلارنىمۇ زور تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇ ئورۇنلىغان «يارۇ»، «تەنلىرىم ياپراق»، «گۈلئايشەم»، «سېغىنغان يار»، «ئايرىلمىسۇن»، «مەن كېتەر بولدۇم» قاتارلىق ناخشىلارنى ئىشتىياق بىلەن تىڭشاپ لەززەت ئالاتتى.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدى كەبى داڭلىق ئىستېدات ساھىبى ئۈچۈن ئاتاقلىق ئۇيغۇر كومپوزىتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ئەسەرلىرىنى، شائىرلار بولسا ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىنى يازاتتى.

چىن سۆيگۈنى كۈيلىمىسە كېرەك ھېچكىم سەنچىلىك،
دىلنى ھېسقا بۆلەلمىسە كېرەك ھېچكىم سەنچىلىك.
يۈرەكلەرنى مەپتۇن ئەيلەپ كۈي ناۋالار سېھرىدە،
قولغا قولداش بولالمىغان بۆلەك ھېچكىم سەنچىلىك.

ئاھاڭلارنىڭ قانىتىدا ئۆرلەپ ئارمان قۇشلىرى،
ئۇچۇپ تالسا بولماس بەلكى يۆلەك ھېچكىم سەنچىلىك.
سەنئىتىمىز ئاسمىنىدا ئۆزۈڭ يانغان يۇلتۇزۇم،
ياقالمىغاي ئاڭا تەشنا يۈرەك ھېچكىم سەنچىلىك.

ئەگەر ئابدۇرېھىم ئەخمىدى شۇ تەرىقىدە ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى شۈبھىسىز يۇقىرىدا ئىپادىلەنگەنلەردىن تېخى ناھايىتى كۆپ بولار ئىدى. لېكىن 1971 ـ يىلى ئۆزبېكىستان تېلېۋىزىيە ۋە رادىيو خەۋەرلىرىنى ئاڭلىتىش دۆلەت كومىتېتىنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبلىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ گۈلتاجى ھېسابلانغان «ئون ئىككى مۇقام»نى تىكلەش، رەتلەش ۋە ئۇلارنى پىلاستىنكىغا قىلىپ چىقىرىش كەبى ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاتاقلىق مۇقامچىلار قاتارىدا ئابدۇرېھىم ئەخمىدىمۇ تەكلىپ قىلىندى. ئەنە شۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ئالىيجاناب ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئۆزبېكىستان دىيارىغا ئاتلاندى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالىيجاناب ئىش ئىدى. چۈنكى يوقاپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرغان مۇقاملىرىمىزنىڭ ئىلى ۋارىيانتى يېزىلغان پلاستىنكىلار يورۇقلۇققا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۆزھال»، «ناۋا» مۇقاملىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئىجرا قىلغان. مەزكۇر ئانسامبىل شۇ مۇقاملار ئارقىلىق كۆپلىگەن سىمپوزىئۇم، خەلقئارا فېستىۋاللارغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك سەنئىتى چەتئەللىكلەرنى ھاڭ تاڭ قالدۇرغان ئىدى.

بىر نەچچە يىللار داۋامىدا ئابدۇرېھىم ئەخمىدي تاشكەنت ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبلىدا رەھبەرلىك قىلدى. يالقۇنلۇق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەخمىدىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە چوڭ سەھىپىنى ئىگىلەيدۇ.

ناخشىچى ئۇنىڭ «مەيلىمۇ» شېئىرى ئاساسىدا ئەسەر ئىجاد قىلغان بولسا، كومپوزىتور شاھىدە شەيمەردانوۋا لۇتپۇللانىڭ «پەرياد»، «كۆكلەم ئىشقى» شېئىرلىرىغا مۇزىكا يازدى. نەتىجىدە ئابدۇرېھىم ئەخمىدىي ئىجراسىدا جەمئىي ئالتە ناخشىدىن تەركىب تاپقان لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەۋەللۇتىنىڭ ئاتمىش يىللىقىغا بېغىشلانغان «مۇتەللىپ لىرىكىسى» ناملىق پىلاستىنكا تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئىگە بولدى.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدىي شۇنداقلا بەستىكار سۈپىتىدە «ۋەتەندىن ياخشى يار بولماس»، «بېغىمدىمەن»، «ياشا ئۆزبېكىستانىم»، «مېنىڭ يارىم» كەبى قىرىقتىن ئوشۇق ناخشىلارنىڭ مۇئەللىپى.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئابدۇرېھىم ئەخمىدىنىڭ ئۇيغۇر كەسپىي سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۆھپىسىنى باھالىدى، ۋە سەنئەتكارىمىز 1975 ـ يىلى ئۆزبېكىستان س.س.ر.نىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسى، 1989 ـ يىلى بولسا «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئارتىسى» دېگەن يۇقىرى ئاتاققا مۇيەسسەر بولدى. ناخشىچىنىڭ ئاتمىش ياشلىق تەۋەللۇتى بولسا جۇمھۇرىيەت دائىرىسىدە كەڭ كۆلەملىك تەبرىكلەندى.

ھۆرمەتلىك ئابدۇرېھىم ئەخمىدى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئالمۇتا شەھىرىدە ياشاپ، ئىستىقامەت قىلدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرىدا «ئون ئىككى مۇقامنى» ئۆگىتىش، ئۆزلەشتۈرۈشتە شاگىرتلارغا ۋارىسلىق قىلدى. سەنئەتكارنىڭ يەتمىش ياشلىق تەۋەللۇتى پەقەتلا ئەخمىدىلەر ئائىلىسى، ئۇيغۇر تىياتىرى ئەمەس، بەلكى سەنئەتسۆيەر پۈتۈن قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، شىنجاڭلىق تاماشىبىنلارنىڭ بايرىمى سۈپىتىدە يۇقىرى دەرىجىدە نىشانلانغان ئىدى. ئاشۇ يىلى نامى ئەل ئېغىزىدا رىۋايەتكە ئايلانغان سۆيۈملۈك سەنئەتكارى بىلەن شىنجاڭلىق تاماشىبىن ئارىدىن قىرىق يىل (!) ئۆتۈپ قايتا دىدارلىشىش بەختىگە ئېرىشتى. پېشقەدەم سەنئەتكارمۇ بۇ سەپەرنى خۇددى ئۆمۈر بويى ئارزۇ قىلغاندەك بەكمۇ ھاياجان ئىلىكىدە



ئەخمەدىنىڭ سەھنىدىن بىر كۆرۈنۈشى

ۋەتىنىگە ئاتلانغان...

ئەزىز دىيارنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى تەۋەررۈك ئوغلانى بىلەن دىدارلىشىش دەقىقىلىرىنى ئاددىي تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس! پۈتۈن خەلق دولقۇنى سۆيۈملۈك سەنئەتكارنى باغرىغا بېسىپ، ئۇ ماڭغان كوچىلارغا، ئۇ ناخشا ئېيتقان سەھنىلەرگە ئىللىق مېھرى بىلەن، ئەڭ ئالىي ھېس- تۇيغۇلىرى بىلەن، سەممىي تىلەكلىرى بىلەن قۇتلۇق قەدىمىگە قىزىل گۈللەردىن پايانداز سالدى. شۇ كونسېرتلاردا ناخشىچىنىڭ ئاۋازىمۇ بۆلەكچە ياڭرىدى دەڭە! سۆيۈملۈك تاماشىبىننى، ئانا تۇپرىقى بىلەن بولغان ۋىدالىشىش سەپىرىنى خۇددى ئۆزىمۇ سەزگەندەك، ھاياتىدىكى بۇ مۇقەددەس، ئەڭ ئاداققى ئىجادىي سەپىرىدە ئابدۇرېھىم ئەخمىدى تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ گۈل - گىياھلىرىغا، ئانا تۇپرىقىغا ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن تەۋرىنىپ ئورۇنلىغان ناخشىلىرىدا خۇددى بۇنىڭدىن تالاي يىللار ئىلگىرىكى جاراڭلىق، نەپىسلىككە تولۇپ - تاشقان ئىجراسى تاماشىبىن زالى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ، مۇڭدىشىش ھېسسىياتلىرىغا غەرق بولغان ئاجايىپ بىر گۈزەللىكنى بەرپا قىلاتتى.

ناخشىچى 1999 - يىلى 72 يېشىدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدىگە، ئۇنىڭ سەنئەتكە - پەقەت سەنئەتكىلا بېغىشلانغان ئاڭلىق ھاياتى سەھىپىلىرىگە نەزەر سالغاندا، بۈيۈك، ئەقىللىق، تالانتلىق، مېھنەتكەش ئىنسانلارنىڭ نەقەدەر ئاددىي، كەمتەر، مېھرىبان، سەممىي بولىدىغانلىقىغا يېنىپ - يېنىپ قايىل بولىسىز. ئاشۇنداق بىز قەدىرلىگەن ئىنسانلار ھەممىمىزگە ئادەمگەرچىلىكنىڭ، دانالىقنىڭ، پاكلىقنىڭ يارقىن سىمۋولى سۈپىتىدە مەڭگۈ ياشاۋەرسىكەن دەپ ھەۋەس بىلەن ئارزۇ قىلىدىكەنمىز. ئەپسۇس، تەبىئەت، تەقدىر، ھايات قانۇنى بىز تىرىكلەرنىڭ خاھىشى بىلەن بولمايدىكەن. ئاشۇنداق ئېسىل ئىنسان بۈگۈن ئارىمىزدا يوق. يىللار ئۆتكەنسېرى ئابدۇرېھىم ئەخمىدىدەك ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ، غەمخور ئۇستازنىڭ ئارىمىزدا يوقلۇقى تولىمۇ بىلىنمەكتە.

«ئابدۇرېھىم ئەخمىدى سەنئىتىمىز دۇنياسىدا چاقنىغان بىر مۆجىزە. چۈنكى مۇشۇ كەمگىچە ئۇنىڭدەك تالانت تېخى ئارىمىزدا تۇغۇلمىدى» دەيدۇ ئەخمىدى ناخشىلىرىنىڭ كۆپلىگەن مۇخلىسلىرى. بەلكىم شۇنداقتۇر. ئىشقىلىپ تەبىئەت ھەر خىل مۆجىزىلەرگە تولۇپ تاشقانغۇ. ھاياتتا نۇرغۇن مۆجىزىلەر يارىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئابدۇرېھىم ئەخمىدىدەك بۈيۈك سەنئەتكارنىڭ ئاھاڭىنى، ماھارىتىنى، ئۇنىڭ سەنئىتىنى تەكرارلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ناخشىچى ئۆزىنىڭ قايتىلانماس يۈكسەك ئاھاڭى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا چەكسىز روھىي بايلىق قالدۇرۇپ كەتتى. ئەخمىدى ئىجراسىدىكى يۈزلىگەن ناخشىلار قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو ئاڭلىتىش كومىتېتلىرىنىڭ «ئالتۇن فوندى» دا ساقلانماقتا.

ئابدۇرېھىم ئەخمىدىدەك بۈيۈك ئۇستازى بىلەن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك سەنئەتكارلىرى ئايتۇرغان ھاسانوۋا، سالامەت شەرىپژانوۋا، قازاقىستان خەلق ئارتىسى نۇربۈۋى مەمەتوۋا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسى مارات مەمەتباقىئېۋ، نۇرالىم ۋارىسوۋ، پەرھات داۋۇتوۋلار ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىدۇ.

ئەخمىدىلەرنىڭ سەنئەتكارلار سۇلالىسى ھازىرچە ئۈچ ئەۋلادنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۈگۈن بۇ بەختلىك ئائىلىنىڭ تۇنجى ئوغلى مۇرات ئەخمىدى - قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئارتىسى، ئاستانادىكى «ئاستانا ئوپېرا» تىياتىرىنىڭ ئىجادىي ئىشلار بويىچە مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ بەدىئىي رەھبىرى. قىزى ئارزۇگۈل بولسا مۇختار ئەشرەفى نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت كونسېرۋاتورىياسىنىڭ پىروفېسسورى. ئوغلى پولات باشقا ساھەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، كەنجى قىزى گۈلباھار ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تالانتلىق ئارتىسلىرىنىڭ بىرى. نەۋرىسى - قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابى دىلناز ئەخمىدىيېۋا بۈگۈنكى تاڭدا قازاقىستان ئەستىرادىسىنىڭ يارقىن يۇلتۇزى، مىللىتىمىزنىڭ پەخرى. مۇرات ئاكىنىڭ دىلشاتتىن كېيىنكى ئىككىنچى ئوغلى دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئىسمىنى بوۋىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئابدۇرېھىم دەپ قويىدى. ئابدۇرېھىم ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى دىئاسلار بۈگۈنكى كۈندە مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسىمۇ، بوۋىسى، دادىسى ئوخشاش ناخشىچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى سەھنىدىن تېپىپ، ئەخمىدىلەر سۇلالىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېڭىچە ناخشىلىرى بىلەن ئەتىكى تاماشىبىنلىرىمىزنىڭ دىلىدىن ئورۇن ئالسا ئەجەپ ئەمەس...

ناخشىغا ئايلىنىپ گويا ئۆزۈڭمۇ،
پانىيدىن باقىغا كەتتىڭغۇ ھەيھات.
بىراق سەن ئۆلمىدىڭ، ئىزىڭنى بېسىپ،
يېتىشىپ كەلمەكتە بىر يېڭى ئەۋلاد...

# شېئىرلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋتىسيە)

## ئەركىنلىكنىڭ تىلى

ئاۋازسىز تەن
سوزۇق ۋە ئۇزۇن تاۋۇشلارنىڭ ئارىسىدا
رۇكۇدا ئولتۇراتتى.
مەن ئەجدادلىرىمنىڭ
ئوقۇغىلى بولمايدىغان چۈشلىرىنى ئوقۇغاندا دەل شۇنداق ئولتۇراتتىم.
ئاندىن قېرىق قىلىپ، شىۋىتچە قەھۋە دەملەپ ئىچەتتىم،
مېنىڭ قەھۋە ئىچىشىم
شىۋتلارنىڭ قەھۋە ئىچىشكە ئوخشمايتتى.
ئۇلار كېيىنكى ئىككى يۈز يىللىق تارىخنى
قەھۋەنىڭ قىرتاق تەمى بىلەن يورۇتسا،
مەن كېچىنى يورۇتاتتىم.
خۇددى مەن ئۇلارنىڭ قەھۋەسىگە ھەۋەس قىلغاندەك
ئۇلار مېنىڭ كېچەمگە ھەۋەس قىلاتتى.
مەن ئۇلارغا كېچەم ھەققىدىكى ھېكايەمنى سۆزلىمەك بولۇپ،
ئىچىمدىكى دارغا ئېسىلغان ھەرپلەرنى تۆككەندە
خۇددى تىلسىمدەك تەنھا قالاتتىم،
چۈنكى، مېنىڭ تىلىم ئەركىنلىكنىڭ تىلى ئىدى،
ئۇنىڭ بىر قانىتى سىياسەت،
يەنە بىر قانىتى شېئىر ئىدى.

2017-يىلى 27-سېنتەبىر

## ئانامنىڭ ھېكايىسى

دېرىزەمنىڭ سىرتىدىن يامغۇرنىڭ
چاچ تاراۋاتقان ۋاقتىدىكى مىسكىن ئاۋازى ئاڭلىناتتى،
ئۇتنىڭ ئاياغ ئىزلىرىمۇ قالمىغان ئىدى،
يورۇقلۇقنىڭ تىلى غايىب بولغانىدى.

مەن چوڭ دادامنىڭ چېقىۋېتىلگەن مەسچىتىنىڭ يېنىدا
ئانام يىپ ئۆتكۈزەلمەي قىينالغان
يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتىم.
ئانامنىڭ ئەينى چاغدا يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈشى
ئىشتىنىمنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن تىزىنى،
چاپىنىمنىڭ تىتىلىپ كەتكەن دولىسىنى
ئازابتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىدى.
مەن ھازىر يىڭنىگە سىيىلىپ
كىمنىڭ روھىغا تىكىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن
ئەمەلىيەتتە تەن روھ چاپلاشمىغۇدەك دەرىجىدە تىتىلىپ كەتكەنىدى.
دېرىزەمنىڭ سىرتىدىن يەنىلا
يامغۇرنىڭ چاچ تاراۋاتقان مىسكىن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى
كۈتۈشتە ھېچبىر يېڭى مەزمۇن يوق ئىدى،
ئانامۇ بىر ئۆمۈر كۈتۈپ
ئاخىرى ئۈچ يىل ئىلگىرى تۈگەپ كەتتى.
قاراڭغۇلۇق
بۆشۈكتىكى بالىنىڭ جوكىدەك سىيسىق ئىدى.
بىلىمەن، ئانامنىڭ ھېكايىسى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى،
يىڭنىدەك ئىنچىكە سوغۇقتا دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ
ئانامنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن يۈرىكىمىزنى ئىسسىتاتتۇق.
ئۇ چاغدىمۇ بىزدە ئانامنىڭ ھېكايىسىدىن باشقا ئوتنىڭ يوقلۇقىنى
ھەممىمىز بىلەتتۇق.
ئاسمان يەرنىڭ ئاچقۇچىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك قىلاتتى،
كۆكتە يۇلتۇزلار چېچەكتەك كۆكلىسىمۇ
يەنىلا يامغۇر سۇنۇق كىرپىكلىرىم بىلەن چېچىنى تارىماقتا ئىدى.

2017-يىلى 12-نويابىر

## قارا قۇتا

ئىشەنمىسەڭ كۆزلىرىمگە ئەگەردە ،
قەھۋە دەملەپ ئىچمە مېنىڭ يېشىمدا.
ساڭا مەنسۇپ بولمىغان قار گۈلىنى،
ئاسما مېنىڭ مەجنۇن تالدەك بويىنۇمغا.

نەقەدەر كۆپ بەرىكەتتى بۇ كېچىنىڭ،
ئۇزۇن شۇنچە سېنىڭ، مېنىڭ ئۆمرۈمدىن.

تاشقا ئايلاندى سەۋرىنىڭ ھۆل يىلتىزى،
لېكىن داغلار كەتمىدى ھېچ قېنىمدىن.

ئوتنى گاچا قىلغان ئاشۇ سەھەردە،
بىزلا پەقەت يورۇق ئىدۇق كوچىدا.
يەر شارىدەك قالدىم ئاخىر يېگانە،
ئاچقۇچى يوق قۇتا تۇتۇپ قولۇمدا.

# سۆيگۈ جازاسى

فەرۇق تاران(ئامېرىكا)

*مېنى دارۇلفازاغا ئېلتىبان قەتل ئەيلىدى شۇل دەم،*
*جازاسى ئۇشبۇدۇر ھەر كىمكى قىلسا ئىشق دەۋاسى.*
*ـ «چەببيات مۇقامى» دىن*

دار قويۇلغان كەڭرى بىر مەيدان،
«بۇ قەيەر؟» دەپ سورىدىم بەڭباش.
كىمدۇر تەڭلەر بىگىز قولىنى،
كىمدۇر ماڭا قىلاتتى كۆز ياش.

«ئۆلۈم» دېدى بىردىن جاكارچى،
خالايىقتىن چىقتى ھەم قىقاس.
بىرى دەيدۇ «قىلىندى ئۇۋال»،
بىرى دەيدۇ «ئۆزۈڭگىمۇ ئاز».

«نە گۇناھىم سۆيگۈدىن ئۆزگە؟»
كۆپ ئىزدىدىم تاپالماي تۈزۈك.
يارنى كۈيلەپ ھارمىغان تىلنى،
بوغۇپ قويدى شۇ نىشان ئۈزۈك.

تەييارلاندى مەھكەم سىرتماق،
ئەقىدەمدىن ئېشىپ ئارغامچا.
ئىسمىڭنى ھەر ئالسام تىلىمغا،
شۇئان تەگدى يۈزگە بىر قامچا.

پۈرلەپ كېلىپ تىنقتى ئاغزىمغا،
سېغىنغاندا يازغان خەتلەرنى.
ساناپ تۇرۇپ ئۇرۇلدى تەستەك،
سېنى كۈتكەن ھەر سائەتلەرنى.

شۇنداق دېگەن ئىدى بىر دانا:
«ئەگەر كۆڭۈل بەرسەڭ بىر يارغا،
تاج كىيدۈرەر ياكى بىر كۈنى
ئاسالايدۇ سېنى ھەم دارغا».

«ئۆكۈنمەيمەن، ياشا، مۇھەببەت!»
دېدىم پەرمان ئالغاندا جاللات.
ئەجەب چۈشتىن ئويغاندىم شۇ دەم،
شۈكرى دېدىم تەڭرىگە مىڭلاپ.



# قەلبىم سىرلىرى

هاكىمجان گۇلئېۋ (قازاقىستان)

مەدەنىيەتشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ نامزاتى

كۆپلىگەن ئىجادكارلارنىڭ «بىر سىرلىق، سەككىز قىرلىق» بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم.

رەسساملارنىڭ شېئىر يازىدىغانلىقى، ئارتىسلارنىڭ رەسىم سىزىدىغانلىقى، شائىرلارنىڭ ناخشا ئېيتىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ مىساللارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئاتاقلىق رەسسام شاگال ئۆزىدىن كېيىن ناھايىتى كۆپ شېئىرلارنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇلار ئىدىشىست پوئېزىياسىنىڭ ئانتولوگىيىگەسىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنداقلا رۇس رەسسامى فېدوتوۋمۇ شېئىر بىلەن بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ شۇغۇللانغان. ئۇيغۇر رەسساملىرى ئارىسىدىمۇ ئۇنداق تالانتلىق «ئىككى ئىلھامغا» ئېگە ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. كۆرۈنەرلىك رەسسام م.ھېتاخۇنوۋ پروزا ژانىرىدىمۇ ئۇنۇملۈك ئەمگەك قىلدى. ئۇنىڭ «ئەلۋىدا يار» رومانىنى ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

دۇنياغا مەشھۇر، تالانتلىق رەسسام لىكىم ئىبراگىموۋنىمۇ شۇنداق كىشىلەر قاتارىدا كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىگە خاس ئىجادىيىتى بىلەن خەلقئارادا قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ھەققىدە، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر ئاۋازى»گېزىتى ئارقىلىق خەۋەردار بولۇپ تۇرغان ئىدى. يېقىندىلا ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يوغان پولوتنوسى، («مېگا كارتىنا») ياۋروپادا ۋە ئۆزبېكىستاندا كۆرگەزمە قىلىنغانلىقى، سەنئەتشۇناسلار ۋە سەنئەتخۇمارلار تەرىپىدىن ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىمۇ خەۋەرلەر بېسىلغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، لىكىم ئىبراگىموۋنى پروفېسسور، ئۆزبېكىستان بەدىئىي ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، رۇسىيە بەدىئىي ئاكادېمىيەسىنىڭ پەخرىي ئەزاسى ۋە ئۆزبېكىستان خەلق رەسسامى سۈپىتىدە تونۇيمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ، كۆپلىگەن چەت ئەللەرنىڭ مۇزېيىدا ۋە شەخسىي ئارخىپلىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلىدۇ.

بىراق، ئۇنىڭ شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى كۆپىنچە كىشىلەر بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ رەسساملىق بىلەن بىر قاتاردا شېئىر يېزىشنىمۇ ئادەت قىلىۋالغان. ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئويلىرىنى پەقەت موي قەلەم ۋە ماتادا رەسىم تەقلىدىدە تەسۋىرلەپلا قالماي، يەنە سىيا قەلەم ئارقىلىق شېئىر يېزىپ، قەغەزدىمۇ ئىپادىلەشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ. بۇ ئىجادىي خىزمەتنىڭ نەتىجىسى 1997 —يىلى شۋېتسارىيەدە شېئىرلار توپلىمى بولۇپ نەشر قىلىنىدۇ. رەسسامنىڭ ئېيتىشى بويىچە، بۇ شېئىرلاردا ئۆزىنىڭ ئىجادكار سۈپىتىدە دۇنياغا بولغان كۆز قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىكەن.

— پارىژدىكى لۇۋردا بىرمۇ شەرق رەسساملىرىنىڭ

ئەمگىكى يوق، بىراق مېنىڭ شېئىرلار توپلىمىمنى ئۇلار قوبۇل قىلدى، مېنىڭ ئۈچۈن بۇ بىر بەخت !— دەيدۇ رەسسام بىلەن بولغان بىر سۆھبەتتە.

— بۇ شېئىرلارنى سىمۋولىستلار ئۇسلۇبىدا يازدىم. مەسىلەن، مۇنداق مىسرالار بار«كېلەچەكنى ئىزدەپ مەن، قايتتىم ئۆتمۈشكە». كىتابنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىشقا فرىدرىخ خىتچىئېر ياردەم قىلدى. بۇ كىشى چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ تەرجىمانى بولغان ئىكەن.

— بۇ مەشھۇر شائىر بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ، دوستلاشقىنىمىزنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشقان ئىدى،— دەپ مىننەتدارلىق بىلەن چىڭگىز ئايتماتوۋنى ئەسلەيدۇ رەسسام.

— ھازىرقى دەۋردە، شېئىرىيەت دۇنياسىدىكى ئىجادىيىتىڭىز داۋاملىشىۋاتامدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئۇ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

— ھازىر شېئىرنى يازمايدىغان بولدۇم، سەۋەبى ۋاقتىم يوق. ئاساسەن مەن شېئىرنى، كەيپىياتىم ناھايىتى ئېغىر بولغاندىلا يازىمەن، «ناھايىتى ئېغىر» دېگەن سۆزنى ئالايىتەن،تەكىتلىگۈم كېلىدۇ. سەۋەبى مېنى ھەر ۋاقىت مۇڭ باسىدۇ، مىجەزىم شۇنداق. ماڭا دائىم نەتىجىلىك بىرمۇ ئەسەر ياراتمىغاندەكلا سېزىلىدۇ.

بىراق، مەن رەسسامنىڭ سۆزىدە مۇنداق بىر زىددىيەتنى بايقىدىم. ئۇنىڭ بىلەن مەن قىرىق يىللىق دوست، ئالمۇتادىكى رەسساملىق مەكتىپىدە بىللە ئوقۇدۇق، ئاندىن ئۇ تاشكەنت شەھىرىگە ئالىي ئوقۇش ئورنىغا كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىمنى بارلىق كىشىلەر ئاددىي، خۇش-خوي، مۇئامىلىسى ئوچۇق، ھەرقانداق ئادەم بىلەن چىقىشالايدىغان ئادەم دەپ تونۇيدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ مۇڭلىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى بايقىمىدىم. بەلكى بۇ كەيپىياتىنى ئۇ ھېچ كىمگە كۆرسەتمەي يۈرگەندۇ. لېكىن،كېچىسى ئۇيقۇسىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى دائىم ئېيتىپ يۈرەتتى. ئۇنداق ئەھۋالدا رەسسام، ئۇيقۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى تىڭشاپ لەززەت ئالىدىكەن.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ « ماڭا دائىم، ئوڭۇشلۇق بىرمۇ ئەسەر ياراتمىغاندەكلا سېزىلىدۇ.» دېگەن چۈشەنچىسىگە تامامەن قوشۇلمايمەن. بۇ پەقەت ئۇنىڭ كەمتەرلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالىي پەزىلىتى دەپ چۈشىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ بايقىشىم بويىچە، تالانتلىق ئىجادكارلار، ھېچ قاچان ئۆز ئەسەرلىرىگە قانائەتلەنمەيدىكەن. چۈنكى ئىجادىيەتكە مەست بولغان ئىجادكارلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مانا شۇنداق بىر تالانتلىق رەسسام ئىبراگىموۋ لېكىمنىڭ يېقىندا چىمكەنت شەھىرىدە «قەلبىم سىرلىرى»(موئي ئوتكروۋېنىئي) ناملىق كىتابى رۇس تىلىدا يورۇق كۆردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ شېئىرلىرى رۇس تىلىدا بېسىلغان ئىدى.كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىنى چىمكەنت شەھىرىنىڭ بايۋەچچىلىرى ئۆز ھۆددىسىگە ئالغان ئىكەن. بۇ ھەقتە كىتابتا ھېچ قانداق مەلۇمات يوق. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئېچىنارلىق نەرسىنى ئېيتقۇم كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بايۋەچچىلىرىمىزنىڭ، تەسۋىرىي سەنئەتكە بولغان ھېسداشلىقى تېخى كەم، غەمخورلۇق قولىنى سۇنۇۋاتقان ھىممەتچىلەر بەك ئاز ۋە يوق دېسەكمۇ بولىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە جەھەتتىن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، كىتابنىڭ شەكلى ئالاھىدە ئۆلچەمگە ئىگە بولۇپ، ئۇزۇنچاق شەكلى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، شېئىرلارنىڭ تېكىستلىرى ئادەتتىكى باسما ھەرپلەر بىلەن بېسىلمىغان بولۇپ ئۇلار رەسسامنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان. ھەر بىر مىسرا رەسسامنىڭ گرافىكى بىلەن بېزەلگەن. رەسسىم ياكى تەسۋىرلەر شېئىر مىسرالىرى بىلەن بىرى - بىرىگە بىلەن زىچ باغلىنىپ، بىر تۇتاش گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن. رەسسىمنى ياكى تېكىستنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە رەسسامنىڭ ئالاھىدە ئەركىن ئىشلىگەن ئۆزىگە خاس گرافىك ئۇسلۇبى قوللىنىلغان.

كىتاب مۇقاۋىدا ئىشلەتكەن ئاددىيلىق، بەتلەردىكى كەسكىن ۋە ئاق-قارا رەڭلەر كىتابنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنى بىر تەرەپتىن-يۇقىرى دەرىجىلىك باسما گرافىك ئەسىرى دەپ قارىساق، ئىككىنچى تەرەپتىن بولسا پەلسەپىلىك چۈشەنچىگە ئىگە ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان، قول يازمىلىق شېئىرلار دەپمۇ قاراشقا بولىدۇ.

نەتىجىدە، لىكىم ئىبراگىموۋنىڭ قەلىمى ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان يېڭى بىر ئەسەر دۇنياغا كەلدى. كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرنى، رەسسامنىڭ ماھىرلىق بىلەن سىزغان رەسىملىرى ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىك چۈشەنچىلىرى شەك-شۈبھىسىز يۈرەكلىرىنى تەۋرىتىدىغانلىقىغا گۇمانىم يوق.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان بولسا، رەسسامنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىسى تېخىمۇ بۈيۈك بولاتتى.

بۇ پىكرىمنى مۇئەللىپكە ئېيتقىنىمدا، بۇ كىتابنى تېز ۋاقىتتا ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ نەشر قىلىپ، ئانا ۋەتەن ۋە دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇش ئارزۇسى بارلىقىنى سۆزلىدى.

## گۈل ناخشىسى

جىبران خېلىل جىبران (لىۋان)

مەن ـ تەبىئەت ئاۋازىدىن ياڭرىغان ۋە قايتىلانغان بىر ئېغىز ياخشى سۆز.
مەن ـ كۆك ئۆگزىدىن يېشىل گىلەمگە سارقىپ چۈشكەن بىر تال يۇلتۇز.
مەن شۇنداق ئېلېمېنتلارنىڭ قىزىدۇرمەنكى،
قىش ئۇلارغا ھامىلدار بولغان، ئەتىياز ئۇلارنى تۇغقان.
مەن يازنىڭ قۇچىقىدا ئۆسكەن ۋە كۈزنىڭ تۆشىكىدە ئۇيقۇغا كەتكەن.
مەن ھەر سەھەر تاڭ شامىلى بىلەن قوشۇلۇپ، يورۇقلۇقنىڭ كەلگەنلىكىنى جاكارلايمەن.
كەچقۇرۇن بولسا، قۇشلار بىلەن بىرلىكتە يەنە شۇ يورۇقلۇقنى ئۇزىتىپ قويىمەن.
دالالار مېنىڭ رەڭلىرىم بىلەن بېزەلگەن.
ھاۋامۇ مېنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرىم بىلەن تولغان.
شەبنەم مېنىڭ شارابىم. مەن قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى زەن قويۇپ تىڭشايمەن، ياپيېشىل ئوتلارنىڭ رىتىملىق شىلدىرلاشلىرىغا جۆر بولۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىمەن.
مەن ـ ئاشىقلارنىڭ سوۋغىتى.
مەن ـ يارىشىملىق توي چەمبىرىكى.
مەن ـ خۇشال دەملەرنىڭ خاتىرىسى.
مەن ـ تىرىكلەرنىڭ كەتكەنلەرگە ئاخىرقى ھەدىيەسى.
مەن ـ خۇشال ۋە غەمكىن دەملەرنىڭ ئوخشاشلا بىر پارچىسى.
لېكىن، مەن دائىم ئېگىز كۆككە نەزەر سېلىپ، يورۇق نۇرنى كۆرىمەنكى، بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، سايەمگە قاراپ تۇرمايمەن.
مانا بۇ دەل ئىنسانلار چوقۇم مەندىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىر ھېكمەت.

*ئېنگلىزچىدىن فەرۇق تاران تەرجىمىسى*

## لىفىت ئىچىدە ئىدۇق

*جارككو تونتتى (فىنلاندىيە)*

لىفىت ئىچىدە ئىدۇق،
دائىم سەن بىلەن بىرگە،
ئاكوپىتكى بومبىدەك سەنتۇرۇلگەندىمۇ
ئىشەنچىم كامىل،
مۇسابىقە ماشىنىلىرىدەك دوقمۇشتىكى كىشىلەرگە قاراپ كەلگەن،
ئەڭ بەختەر خىلىدا، ئىشىكلەر ۋاڭىلدايدۇ
بېلەتلەر تەكشۈرۈلىدۇ (بىنا ئېگىز ھەم ھەشەمەتلىك)
پەلەمپەيلەر تاقىۋېتىلگەن.

بۈرۈن سەن بىلەن بىللە چىققانىدىم يۇقىرىغا،
ئەڭ ئېگىز قەۋەتكە، گۈلدۈرلەۋاتقان بېتونلارغا، ئۆگزىلەرگە ۋە ھاۋالارغا،
يېرىپ ئۆتۈپ تۇتۇن ۋە تۇمانلارنى، گۈڭگۈرتسىمان سېرىق زىققا بولۇتلارنى،
بۆسۈپ ئۆتۈپ بىر كۆك قەغەزلىك يەرشارىغا ئورالغان يالغانلارنى،

بۈرۈن سەن بىلەن بىرگە سەنتۇرۇلۇپ ئۆتكەنىدىم
رەسمىي قىستاڭچىلىقنى، بۈگۈن
كېچە، كۈندۈزدىنمۇ يورۇقراق
سەن بىلەن بىرگە
ئۆرلىمەك ھەر ۋاقىت پارلاقراق.

*ئېنگلىزچىدىن مۇرات ئورخۇن تەرجىمىسى*

## ئىككى شېئىر

خاللىل ئىبراھىم ئۆزجان (تۈركىيە)

### گوبىدە يامغۇر

تىترىگەن قوللىرىمدا تۇنەيدۇ
قار بىر ھازا ئىچىدە
كۈندۈزلىرى ئوتلارنىڭ ئىچىدىن تېپىۋالغان
ئوقنىڭ ئۇچى

جىمجىتلىق ئىچىدە گوبى
دېمىسىمۇ كېچە
بىر يوپۇق يېپىلىدۇ زاماننىڭ خىرىسىدىن جىمجىتقىنە

شىددەت بىلەن ياغىدۇ ئاق ئۆينىڭ ئۈستىگە
قۇتۇلغان ۋاقىتتىن سىزۇلۇپ
ھەددىنى بىلمەس سامادىن گوبىدە يامغۇر

ئىگراشلىرى بىلەن ئىچىنى تۆككەن ئاسمان
سەل تۇرۇپ ئاچچىغىدىن يانىدۇ دەيمەن
ئەمما يوق
ئۇچرىششى خىيالنى ئارىلاشتۇرغان بوران بىلەن تېخىمۇ شىددەتلىشىپ

تامچىلىرىغا ئارىلاشتۇرىدۇ خۇددى ياز ئاخشىمىدىن بىۋاستە قىشقا
راستچىل بولالمايدۇ ئارىلىرىغا كىرگەن، بىلىنگەن يۈزۈم

نەچچە كۈندۈر بىر ئېغىزدىن تەكرارلىغان شامىنىڭ ئاۋازى
كېچىدىن قالغان ئاۋاز بولۇپ قالىدۇ ئاق ئۆيىنىڭ ئىچىدە
ياتىدىغان يېرىنى ئىزدەيدۇ سۈئىات قارانتاي
تۈنىكە مەشلىرىدىن يېيىلغان تېزەك پۇراقلىرىنىڭ ئارىسىدا

سائەتلەردە هارغان، ئۈنۈتقان خاتىرىلەر ئىچىدە گوبىدە
يالغۇزلۇقتا بېغىشلانغان بىر تاغ باغرىدا تۇرىمەن
كۈننى كۆمگەن يەردە تۈنىگەن بۇركۇتلەر بىلەن بىرلىكتە
چاقنىغان مۇڭلۇق ناخشىلىرىم ئىچىدە قەھرىمانلار سىزىمەن
زىيارەت دەپتىرىمگە گۆدەكلەرلەرچە.

## ئىسسىق كۆل قىرغاقلىرىدا

ئاشىقىنىڭ سۆزىنى يول كېسىدۇ،
كۆلەڭگىلەر ئۈرىدۇ بىر تەرەپتىن، تا قەدىمدىن،
سوراقتا يەر يوق!

خېنىلىق بىر ھەسرەت ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسى ئارىسىدا سۈرتۈلگەن،
پېشانەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانلىق بارماق ئىزى،
تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە قورقۇتار يالغاننى.
«تاغ تاغنى كۆتۈرىدۇ ئەمما ئازابتىن ئەمەس ھايات»
قۇدۇق ئاغزىدا پارقىرىغان سۇنىڭ تېگىدە كۆز،
ئاق چاچلىق مۇڭ ئىچىدە ماناسچى.

سۆزۈم بۆلۈنگەندە ئايرىلغان زامانغا،
كۆك تەڭرى بىلەن كۆرۈشكەندە خاكاسىيالىق بىر تۈرك،
ۋوتكا كۆز يېشى ۋە باشقا نەرسىلەر،
ئىنچىكە تىلسىز بىر ئۆللىق قاراشلا،
كۆزىدە يۇلتۇزلار چاقنايدۇ.

رەنجىمەك ئۈچۈن ئەمەس، ياق مىڭ قېتىم ياق،
خىيال ئورمانلىقىدا قونغىنىمىز چۈشلەردىن ئويغانغىلى،
ئۈزۈن بولدى، ھەممە نەرسە مۇجمەللىككە ئايلىنىش ئالدىدا ئىكەن ھايات.

*مۇرات ئورخۇن تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان*

# ئەلۋىدا، مېنىڭ باھارىم

ھېكايە

*گۈلباھار ھۇشۇرىۋا (قازاقىستان)*

*مەزكۇر ھېكايەمنى ئالەمدىن مەڭگۈلۈك ئۆتكەن قەلەمداش ئاكام ئابدۇمېجىت ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى مەرييەم دۆلەتوۋالار خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.*

ئاپتوبۇسنى كۈتۈپ قالغاچقا، ئىنتايىن ئىنتايىن سەل كېچىكىپىراق كەلدىم. سېپىتجان تېخى كەلمىگەن ئىكەن. ئىشقا كىرىشىمگە ئىشىكنى بىرى چەكتى.

بۆلۈمگە كىرىپ كەلگەن قىزنى كۆرۈپ، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ باھارگۈلگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاتتى. باھارگۈلنىڭكىگە ئوخشاش يوغان، چىرايلىق كۆزلەر، قاپ ـ قارا قويۇق قاش ـ كىرپىكلەر، ئاپئاق سۈزۈك ئۈز... «توۋا، مۇنۇ قىزنىڭ ئاپىسىغا ئوخشىغىنىنى قارا. ئۇنى كۆرمىگىنىمگە ئىككى يىلچە بولغان. خويمۇ تاتلىق چوڭ بولۇپ قاپتىكەن...» دەپ ئويلىدىم.

ــ كەچۈرسىز، دادام بىر ياققا چىقىپ كەتتىمىكىنە، ــ دېدى قىز ئاماللاشقاندىن كېيىن سەل قىسىلغاندەك قىلىپ.

ــ بۇ ياققا كېلىڭ، ئۇكام، سېپىتجان تېخى كەلمىدى. بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ، كېلىپ قالار، ــ دەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدىم.

بۇ سېپىتجاننىڭ قىزى مۇقەددەس ئىدى. چىرايى غەمكىن، كۆزلىرىنى ياش ئەگىپ تۇرغان قىزنى ئاشۇ بىر قايغۇلۇق كۈنى قالايمىقانچىلىقتا كۆرگەن ئىدىم. ھازىر دەرقەمدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى ئالغۇدەك بىرەر ئىللىق سۆز تاپالماي ئاۋارىمەن.

ــ ئالدىرايمەن. قاھارنى مەكتەپكە ئاپىرىشىم كېرەك... دادام ئەتىگەندە كېتىشىدى. ئىشقا كەتتىمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم...

ــ ئەلۋەتتە، ھازىر كېلىشى كېرەك. بىر نەرسە كېرەكمىدى، مۇقەددەس؟ مۇمكىن بولسا مەن ياردەم قىلارمەن؟

ــ ياق، ياق. رەھمەت. ئاپامنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ ئارىسىدىن مۇنۇ خەتنى تېپىۋالغان ئىدىم، ــ ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، سومكىسىدىن قېلىن كونۋېرت چىقاردى. ــ دادامغا يازغان ئىكەن... كەچقۇرۇنغىچە تاقەت قىلالماي، ئىشىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدىم...

ئۇنىڭ ئاۋازى ھەر بىر سۆزنى ئېيتقاندا، دىرىلداپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ئارىلاش چىقىۋاتاتتى. ھازىر بىرلا ئىللىق گەپ قىلسا يىغلىۋېتىشكە تەييارلا تۇرغاندەك. ئۇنىڭغا گەپنىڭ ھاجىتىمۇ بولمىدى. خەتنى ماڭا ئۇزاتقۇچە كۆزلىرىدىن ياش ئۇرغۇپ چىقىپمۇ ئۈلگۈردى. «خەپ، مۇنۇ قىزنىڭ دەردكە چۆكۈپ كەتكىنىنى قارا. ۋاي، خۇدايىمەن، بەندەڭگە رەھىم قىلمىغان ئىكەنسەن...» يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلىپ، تىت ـ تىت بولدۇم، لېكىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ:

ــ مۇقەددەس، ئۇنداق قىلماڭ. ئۆزىڭىز ئاغرىپ قالىسىز. دادىڭىزنى، ئۇكىڭىزنى ئاياڭ. سىزگە قاراپ، دادىڭىزمۇ ئاغرىپ قالسا، قانداق قىلىسىز؟ ــ دەپ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتتۈم. ئۇ چۆچۈگەندەك دەرھال ماڭا قارىدى. ئەتىمالىم، دادىسىنىڭمۇ ئاغرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈپ، ئورنىدىن تۇردى دە:

ــ ھەدە، مۇنۇ خەتنى دادامدىن ئىلگىرى ئوقۇۋالدىم. ئۇ مېنى كەچۈرەر. ئاپامنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە يازغان نەرسىسىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئىچىنى ئاچماي چىدىيالمىدىم. ئىلتىماس، سىزمۇ ئوقۇپ چىقىڭ. مۇمكىن بولسا دادامغا ھازىرچە كۆرسەتمەي تۇرارسىز. ئۇنىڭ سەۋەبى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ، ئىككى قېتىم

دوختۇر چاقىردۇق. ئاپامنىڭ خىتىنى ئوقۇپ، يەنە ئاغرىپ قالمىسۇن دەيمىنا، —دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

—ماقۇل، مۇقەددەس. مەن خەتنى ئوقۇپ چىقاي، لازىم بولسا، كېيىنچىرەك بېرەرمىز، — دېدىم ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىۋېتىپ.

قولۇمدىكى خەتنى يە ئوقۇپ چىقىشىمنى، يە ئالدى بىلەن سىپىيتجانغا بېرىشىمنى بىلمەي، بىر دەقىقە ئويلىنىپ ئولتۇردۇم. ئانىسىدىن مەزگىلسىز جۇدا بولغان مۇنۇ قىزنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى، بۇ جۇدالىقتىن ئەس-ھوشىغا كېلەلمەي يۈرۈپ، دادىسىدىن ئەنسىرىشى مېنىڭ دىلىمنى ئېزىپ، ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى.

مەن ياخشى بىلگەن بۇ ئائىلە، زىممىسىگە چۈشكەن بەختسىزلىك كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

※ ※ ※ ※

دەسلەپ بۇ كارخانىغا ئىشقا كەلگەن يىلى سىپىيتجان مۇشۇ بۆلۈمدە ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇ چاغدا مۇقەددەس 4-5 ياشلاردا ئىدى. باھارگۈل مۇقەددەسنى يېتىلەپ پات-پاتلا بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىپ كېلىدىغان. ئېگىز بويلۇق، ئورۇقراق كەلگەن، ئىللىق يۈزلۈك بۇ چىرايلىق ئايال بىلەن پەيدىن-پەي تېخىمۇ يېقىنراق تونۇشتۇق. ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، كىچىك پېئىل، مېھرىبان ۋە ئاجايىپ مېھماندوست ئىنسان ئىكەن.

— سىز قانداق تەلەيلىك ئادەم، سىپىيتجان. باھارگۈل ئوخشاش قىزنى قانداق ئايلاندۇرۇۋالدىڭىز، — دەپ بەزىدە چېقىشىپ قوياتتىم.

— ۋاي، سىزمۇ دەيسىز-دە. ماڭا ياخشىلاپ قارىماسسىز. ئۆزۈم شۇنچە ياخشى يىگىت تۇرۇپ باھارگۈلگە قانداق ئالدىنىپ قالدىم، دەپ ھەيران بولۇپ يۈرسەم، — دەپ ئۇمۇ چېقىشاتتى. ھەقىقەتەن بۇ ئىككى جۈپ بىر-بىرىگە تىل تەككىدەك دەرىجىدە يارىشىپ تۇراتتى. كېيىنچىرەك ئۇلارنىڭ ئوغلى قاھار تۇغۇلۇپ، بەخت ئۇستىگە بەخت قوشۇلدى. سىپىيتجان ئارزۇ قىلغان ئوغلىنىڭ تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن ئاي ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ بايقىماي يۈردى. باھارگۈل بولسا ئائىلىسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىن چىقىشقا تىرىشاتتى.

سىپىيتجان ئاق كۆڭۈل، خۇش چاق-چاق ھەر قانداق ئىشنى پۇختا قىلىدىغان، قولىدىن كەلسە، ھەممىگىلا ياردەم قىلىشقا تەييار بولغاچقا، كوللېكتىپىمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ بۆلۈمگە ھەمىشە خۇش كەيپىياتتا كىرىپ كېلىدىغان. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئائىلىدىكى بەختى سەۋەبكار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن قىزىقاتتىم. ھەممە نەرسە ئۆز يولىدا، سىپىيتجانمۇ ئادەتتىكى تىرىكچىلىك بىلەن بەند بولۇپ، ۋاقىت سىلىق ئۆتۈۋاتاتتى.

ئۆتكەن يىل كىرىشى بىلەن سىپىيتجاننىڭ كەيپىياتى سەل بۇزۇلۇپ، گەپ ئانچىۋالا خۇش ياقماس بولۇپ قالدى. ئىشقا كېچىكىپ كېلىپ، ئەتىگەن كېتىپ قېلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى بولۇپ يۈرگىنىگە خېلى ۋاقىت بولغاچقا:

— سىپىيتجان، سىزگە نېمە بولدى. بىرەر كۆڭۈلسىز ئەھۋال بولۇپ قالدىمۇ يە؟ — دەپ سورىدىم.

— ياق، ياق. ھەممىسى دۇرۇس،— دېدى ئۇ دەسلەپ گەپ قىلغۇسى كەلمىگەنىدەك. كېيىن سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— باھارگۈلنىڭ ساقلىقى ياخشى بولماي يۈرىدۇ. دوختۇرخانىغا چۈشۈپ قالدى، — دەپ قوشۇپ قويدى. مەنمۇ ئادەم بالىسىنىڭ بىردە ئاغرىپ، بىردە ساقىيىپ يۈرۈشىنى ئادەتتىكى ئىش دەپ بىلەتتىم.

— ئاغرىغان ئادەم ساقىيىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا ئانچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمەڭ، ئۇنىڭدىن كۆرە قاچا يۇيۇش، تاماق پىشۇرۇش ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، دېسىڭىزچۇ، — دەپ كۆڭلىنى ئالماقچى بولدۇم.

ئۇ ماڭا بىر ئاز قاراپ تۇردى-دە:

— ئەلۋەتتە، ساقىيىدۇ. جەزمەن ساقىيىدۇ،— دەپ قويۇپ، چاپسان تالاغا چىقىپ كەتتى. ۋاقىت شۇنداق ئۆتۈۋەردى. ھەش-پەش دېگۈچە كۈز كېتىپ، قىشمۇ كەلدى. سىپىيتجاننىڭ چىرايىدىكى كۈلكە، خۇش چاق-چاقلىرىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل يوقاپ كەتكەنلىكى، ئىككى-ئۈچ كۈنلەپ ئىشقا كەلمەي قالىدىغانلىقى، ھەمىشە ئۇيقۇسىز ئادەمدەك قاپاقلىرىنىڭ ئىششىپ يۈرىدىغانلىقىغا ئۆگىنىپتۇ قالغان ئىدۇق. ئۇ كەلسە-كەلمەس نەرسىگە تېرىكىدىغان، ئىش بابىدىكى بەزى سوئاللارغىمۇ خۇش ياقماسلىق بىلەن جاۋاب بېرىدىغان بولۇۋالغاچقا، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە توغرىلىق سوراشقىمۇ پېتىنالماي يۈردۇق. ئىلگىرى باھارگۈل توغرىلىق سۆز چىقسا، ئېچىلىپ كېتىدىغان سىپىيتجان، ھازىر ئۇ توغرىلىق گەپ قىلماسلىقنى ۋە

سۆزنى باشقا ماۋزۇغا يۆتكەشكە تىرىشاتتى.

ھەر كىم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن بەند بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، سېپىتجاننىڭ بۇ ئەھۋالى باھارگۈلنىڭ ئەھۋالىنىڭ مۈشكۈللۈكىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، دوختۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا باھارگۈلنىڭ ساقىيىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقانلىقىنى بىز - بەندىلەر نەمدىنىمۇ بىلەيلى. بۇ ئۇنىڭ دەل دوختۇرلارنىڭ ئىبغىر ھۆكۈمى بىلەن ھېچ كېلىشەلمەي، ئۆزىنىڭ بار ئامالىدىن پايدىلىنىپ، تېۋىپ، ئېكستراسېنس، موللا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆرسىتىپ، باھارگۈلنى «ئۆلۈم» ئوخشاش دەھشەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش يۈرگۈزۈۋاتقان پەيتى ئىكەن.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ھەش-پەش دېگۈچە ئەتىياز كېلىپ قالدى. كۈن خېلىلا ئىسسىپ، يەر-جاھان كۆكلىشۋاتاتتى. يېقىن تۇغقانلىرىمىزنىڭ بىرى دوختۇرخانىغا چۈشۈپ قېلىپ، شەنبە كۈنى ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ ماڭدىم. دوختۇرخانا ھويلىسىغا ئەمدىلا كىرىپ كېلىۋېدىم، كۆزۈم ماڭا قارىمۇ-قارشى چوڭلا بىرىنى كۆتۈرۈۋالغان ئادەمگە چۈشتى. ئۇنىڭغا يول بېرىش ئۈچۈن چەتكە بۇرۇلۇپ، ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەي قالدىم. ئالدىمدا سېپىتجان تۇراتتى.

مەن ھودۇقۇنىمدىن:

— س... — دەپ ئاغزىمنى ئېچىشىمغا ئۇ يالۋۇرغاندەك «گەپ قىلماڭ» دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش...

بۇ كۆرۈنۈش ماڭا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، تېنىم شۈركۈنۈپ، بىردە مۇزلاپ، بىردە ئىسسىپ، ئاياق-قولۇمدىن جان ئۈزۈلگەندەك، ئۇزاق ۋاقىت قوزغىلالماي قالدىم. «سېپىتجاننى شۇ دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەن مۇشۇ دەرد ئىكەندە... باھارگۈلنى ئاغرىق دېگۈسى كەلمەي، يامان سۆزلەردىن قورۇنغان، ھەممە دەردىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ يۈرگەن ئىكەن-دە بۇ بىچارە» دېگەن ئويلار ۋە بايىقى سۆرۈن ئەھۋال مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئالاقزادە قىلاتتى.

دۈشەنبە كۈنى سېپىتجان ئىشقا كەلمىدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بولسا خانىمىزغا باھارگۈل توغرىلىق دەھشەتلىك خەۋەر كېلىپ يەتتى. بۇ خەۋەر، بىز — سېپىتجان بىلەن باھارگۈلنى ياخشى بىلىدىغانلار ئۈچۈن — قۇياشلىق كۈنى ئاسماندا چاقماق چاققاندەك تەسىر قىلدى.

كوللېكتىپ بولۇپ مەزگىلسىز سولغان گۈلنى ئۇزىتىشقا قاتناشتۇق. بۇ كۈنلىرى ئۇلارنى بىلىدىغان ھەر قانداق ئادەم چوڭقۇر قايغۇرۇش ۋە ماتەمدە بولدى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ، قىزى مۇقەددەسنىڭ، ھەتتا كىچىككىنە قاھارنىڭ ھەسرەت بىلەن يىغلىشىغا چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سېپىتجان بولسا مۈكچىيىپ، بولغان ۋەقەگە تېخىچە ئىشەنمەي، ھەتتا ئەھۋالنى تولۇق چۈشەنمەيۋاتقان كۆرۈنۈشى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنى تەشۋىشكە سالاتتى. يۇرت چوڭلىرى ئۇنىڭ ئاللا تائالا ئىگىمىزنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىش ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئەر كىشىنىڭ ھەر قانداق ۋەزىيەتتە چىداشچان بولۇشى لازىملىقىنى يادىغا سېلىپ، تەسەللى بېرەتتى.

ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋېلىش مۇمكىنمىدى؟ ئۆرۈپ-ئادەت، رەسىم-قائىدە بويىچە ھەممە ئىشلارمۇ تۈگىدى. سېپىتجان ئىككى بالىسى بىلەن يالغۇز قالدى. تىرىك بەندىلەرگە ھاياتنى داۋاملاشتۇرماق كېرەك. بۇمۇ ئاشۇ رەھىمسىز ھايات قانۇنى...

ئېغىر كۈنلەر تۈگەپ، ئېغىر ئىشلار بېسىلغاندىن كېيىن سېپىتجان ئاستا بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى. بىللە ئىشلىگەن يىللار ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتەنمۇ ئاكا-سىڭىلدەك بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. ئۇ ھېچ نەرسە ئېيتمىسىمۇ، بىر يىل ئىچىدە يىغلىپ كەتكەن دەردىنى كۆزىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان ئەلەم ياشلىرى بىر-بىرلەپ بايان قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

— دوختۇرلار «ئۇزاق ۋە بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن ئەھۋالنى ئېيتتى. ئامما مېنىڭ ئۇ توغرىلىق ئاڭلىغۇممۇ كەلمەي، ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن داۋالىتىشقا داۋام قىلدىم. ھەر قانچە ئېغىر ئەھۋالدىن مېنىڭ باھارگۈلگە بولغان ھېس-تۇيغۇلىرىم ئۇلۇقتەك، ئۇلار سۆزسىز يېڭىپ چىقىدىغاندەك، ئۈمىد بىلەن يۈردۈم. دوختۇرلاردىن ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشنى، باھارگۈلنى ساقلاپ قېلىشقا ئۆزۈمدە بار، ھەتتا يوق مۇمكىنچىلىكلەردىن پايدىلىنىشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ، ئىلتىماس قىلدىم. ئەپسۇس، مېنىڭ تىرىشقانلىرىم ئۇنىڭ ھاياتىنى پەقەت بىر نەچچە ئايغا ئۇزارتىشقا يەتتى... نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن بۇ داۋاسى يوق كېسەل مېنىڭ باھارگۈلۈمگە چاپلاشتى، دېگەن سوئالغا نەچچىلىگەن تاڭلارنى جاۋاب ئىزدەپ ئاتقۇزدۇم. قىسقىسى، مەن

ئۇنى ساقلاپ قالالمىدىم...

سېپىتجان ئۇھ ئۇستىگە ئۇھ تارتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئازابلىنىۋاتقان دىلىنى تېخىمۇ ئازابلىماماق ئۈچۈن باھارگۈل توغرىلىق ھېچ نەرسە سورىماسقا، ئىلاجى بولسا گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ھەرىكەت قىلدىم.

ئۇ خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپ، بىر نۇقتىغا قادىلىپ قالدى. ئاندىن:

— يېقىندا باھارگۈلنى دوختۇرخانىدىن ئۆيگە ئېلىپ ماڭغان كۈنى ئۇچراپ قالدىڭىزغۇ. بىرەر تونۇش ئادەمنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئەھۋالىدىن خىجالەت بولمىسۇن دەپ سىز بىلەنمۇ سۆزلەشمىگەن ئىدىم. ئاخىرقى ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا دورىمۇ ماڭماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ، مىدىرلاشقىمۇ ماغدۇرى يوق ئىدى. پەقەت شۇ چاغدا مېنىڭ باھارىمنىڭ ئاخىرقى دەملىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئاخىرى مەن بۇ ئاچچىق ھەقىقەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم، خالاس. ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەپ ئۆيگە ئەكېتىمەن دەپ پاي ـ پېتەك بولۇپ يۈرگەن چېغىمدا، ئۇ ماڭا بالىلارنىڭ يېنىدا بىر ئاز يۈرگۈسى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پىچىرلىدى.

— ئەلۋەتتە، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆيدە بولغىنىڭىز ياخشى،— دېدىم ۋە ماشىنا چاقىرىشقىمۇ تاقەت قىلماي، ئۇنى ئاۋايلاپ قولۇمغا ئېلىپ، كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتىم.

مەن ئۇنى تا ئۆيگىچە كۆتۈرۈپ باردىم. دوختۇرخانا بىلەن بىزنىڭ ئۆي ئارىلىقى ئانچىۋالا يىراق ئەمەسقۇ. مەسىلە ئۇنىڭدىمۇ ئەمەس. قولۇمغا باھارگۈلنى ئېلىشىم بىلەن شادلىقىدىن قايغۇسى تولا بۇ يورۇق دۇنيادىن ۋاز كەچتىم. بۈگۈنگىچە ئارزۇ قىلغان تاتلىق خىياللىرىم، باھارگۈل بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ بەختلىك ۋاقىتلىرىم كۆز ئالدىمدا مېنى دەپسەندە قىلىپ، كۆككە ئۇچقاندەك بولدى. چۈنكى ئۆتكەن يىلىلا قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان باھارىمدا نە ماغدۇر، نە سالماق قالمىغان ئىدى. ئۇ كۈنى خۇدانىڭ ماڭا باھارىم بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن بەرگەن ئاخىرقى ئىمكانىيىتى ئاشۇ خىل بولدى. باھارگۈلۈمنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ زېدىلەنگەن تېنىنى ئاغرىتىۋالماس ئۈچۈن ئۇنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، ئۆزۈمنى بىردە بىلىپ، بىردە بىلمەي كېلىۋاتىمەن. ئۆزۈمنى تۇتۇش ئۈچۈن قانچە تىرىشساممۇ، كۆزۈمدىكى ياشلار بىر توختىماي ئاقماقتا ئىدى. يول بويى ياراتقان ئىگەمىزدىن «ئاھ خۇدايىم! مەن ساڭا نېمە گۇناھ قىلدىم؟ نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ قىممەت ئادىمىمدىن جۇدا قىلىش جازاسىنى مۇۋاپىق كۆردۈڭ؟ باھارىمنى مۇنۇ دەھشەتلىك ھالغا سېلىشتىن باشقا چارەڭ يوقمىدى سېنىڭ؟ مەقسىتىڭ مېنى زارلىتىش بولسا تىلىكىڭ ئورۇنلاندى. ئەمدى مېنىڭ يالغۇز تىلىكىمنى ئورۇنلاشتىن باش تارتمىغىن. باھارگۈلنى ئاخىرقى قېتىم تۇتقان قوللىرىمنى ئەستىن چىقماس قىلىپ تالدۇرغىن. شۇنچىلىك تالدۇركى، ئۇنى ھەر كۈنى كۆتۈرۈپ يۈرگەندەك سېزىپ يۈرەي، ئۆلۈۋېلىغ ئىگەم»، — دەپ سورىدىم. ئەمما خۇدايىم مېنىڭدىن تامامەن يۈز ئۆرىگەن ئىكەن. بۇ تىلىكىمنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى مېنىڭ باھارىمنىڭ تېنى پاختىدەك يېنىك بولۇپ، قول تالدۇرغىدەك سالمىقى قالمىغان ئىكەن...

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېڭ دېدىمغۇ، سېپىتجان. باھارگۈل سىزگە ئالتۇندەك ئىككى يالداما قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنى چوڭ قىلىش ئەمدى سىزنىڭ بېشىڭىزدا. بالىلار توغرىلىقمۇ ئويلاپ قويۇڭ،— دەپ ئۇنى باسقاندەك بولىمەن.

— مۇقەددەسىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھكار سېزىمەن. ئۇنىڭ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ قالدىم. ئاپىسى...ئۇ «ئاپىسى ئۆلگەندىن كېيىن» دېگەن سۆزنى ئېيتالمىدى. سېپىتجان يەنە بىر پەس چېكىسىنى چىڭ بېسىپ ئولتۇردى ۋە ئاستا ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئۇ كۈنى مۇقەددەس ئون بەش ياشقا تولغان. باھارگۈل دوختۇرخانىدا. ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان پەيت. كەيپىياتىم قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. تەقدىر ماڭا ئۆيگە كىرگەندە بالىلارغا ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى دەپ ئېيتىشقا، باھارگۈلنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ چۆچەكتىكى «بەختلىك ھايات» توغرىلىق سۆزلەش ئوخشاش ئېغىپ ۋەزىپە يۈكلىدى.

پەقەت كېچىسى يالغۇز بۆلۈمگە كىرگەندىن كېيىن بۇ دەردلىرىمنى تۆكىدىغان جاي تاپالماي، بىئارام بولۇپ، تاڭنى قانداق ئاتقۇزىۋالىدىغىنىم بىر ئۆزۈمگە ۋە بىر ئاللاغا مەلۇم ئىدى.

ئاخشىمى باھارگۈلنىڭ يېنىدا بولغان ئىدىم. ئۇ

«مۇقەددەسنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى داستىخان يېيىپ، مەن بارىدەك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭ. ئۆزى بۆلەكچىلا نازۇكلىشىپ كەتتى. ئازراق بولسىمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن»، دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى.

بۇ كۈنلىرى مېنىڭدە نەدىمۇ كەيپىيات بولسۇن. ھەر ھالدا ئەتىگەنرەك تۇرۇپ، ئۈستەلگە بىر نەرسىلەرنى تىزىپ، تەييارلىماق بولدۇم. مۇقەددەس تۇرغىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋاتىمەن... مېھمانخانا تەرەپكە كېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ قالدىم. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىكەن، مۇقەددەس بولسا بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش تېخىمۇ قىيىن بولۇۋاتقانلىقى ھېس قىلدىم. ھەر ھالدا بار غەيرىتىمنى يىغىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم.ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلىشىپ،بېشىنى سىيپىدىم.

— بۈگۈن سىزنىڭ مەيرىمىڭىزغۇ، ئەخمەق قىز. مۇنداق كۈنىمۇ يىغلامدىكەن؟ چاپسان كۆزىڭىزدىكى ياشنى سۈرتۈپ، قانداق سوۋغا خالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ. ئاپىڭىز ئۆزىڭىز خالىغان نەرسىڭىزنى ئېلىپ بېرەيلى دەيدۇ. قېنى چاپسان ئېيتىڭ ـ دەپ تامامەن خۇش كەيپىياتتا ئىكەنلىكىمنى ئىپادىلەشكە بار كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم. مۇقەددەس بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— راستىلا خالىغىنىمنى ئورۇنلامسىز، دادا؟ —— دەپ سورىدى ئۆپكىسىنى تېخىمۇ باسالماي. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش يولىنى تاپقىنىمغا خۇش بولۇپ:

— ئەلۋەتتە، قىزىم، ئېيتىڭ. بۈگۈن سىزنىڭ ھەر قانداق تىلىكىڭىز مېنىڭ ئۈچۈن قانۇن. قېنى، دادىڭىز مەرد چاغدا سوراۋېرىڭ،— دېدىم.

— ئاپامنى ساقايتىپ بېرىڭ، جېنىم دادا. يالغۇز تىلىكىم شۇ،— دېدى ئۇ يالۋۇرغاندەك قىلىپ.

ئاللا...مېنىڭ تىلىم تارتىلىپ، دېمىم قىسىلغاندەك بولۇپ، بىر ئاز تۇرۇپ قالدىم. توۋا، تېخى ئۆتكەن يىلىلا ئەركىلەپ، بىردە ئۇنى، بىردە بۇنى سوراپ، ئاۋارە قىلىپ يۈرگەن قىزىمىزنىڭ يۇمران قەلبىنى، ئوڭايلا غەم ـ قايغۇ بېسىۋالغىنى يۈرىكىمنى خەنجەر بىلەن تىلىۋەتكەندەك ھېس قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا تىلىكىم ئورۇنلاندى دەۋېرىڭ. سەۋەبى، ئاپىڭىز ئاز كۈندە ساقىيىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نەرسە سوراڭ، سورىمىسىڭىز، كېچىكىپ قالىسىز. مەن يالتىيىپ قېلىشىم مۇمكىن،— دېگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا يالغان ۋەدەمنى بەردىم.

ئۇنىڭ مىسكىن چىرايى ئۆزگىرىپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولغاندەك بولدىيۇ، دەرھال يەنە مۇڭلاندى.

— ئۇنداق بولسا ئاپام نېمىشقا ئورنىدىن تۇرالماي قالدى؟

ئۇ يەنە ماڭا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— بۇ تەبىئىي ھالەت ئەمەسمۇ. ئېسىڭىزدىمۇ ئاخىرقى قېتىم چەت ئەلدىن ئالدۇرغان دورىنى دوختۇرلار، «بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك دورا. دەسلەپ ئورگانىزمنى ئۇساللىتىپ، ئاندىن ياخشى قىلىدۇ» — دېمىگەنمىدى...— دېدىم بۇ «چۆچەك»نىڭ يادىمغا چۈشكىنىگە خۇش بولۇپ.

ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ دېگۈدەك تۇردى ـ دە، كىچىك ۋاقتىدىكىدەك بوينۇمنى چىڭ قۇچاقلاپ:

— رەھمەت، دادا، بۇ سوغىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن .

ئۇ كۈنى قاھارنى ئەگەشتۈرۈپ باھارگۈلگە باردۇق. ئەڭ تەسىرلىك يېرى، ئاپىسىمۇ، خۇددى مېنىڭ بىلەن كېلىشىۋالغاندەك، ئۇلارنى ئورۇن ـ كۆرپىسىنى يىغىۋېتىپ كۈتكەن ئىكەن. باھارگۈلنىڭ ئاياق ـ قولى تىترەپ، ئارانلا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلىپ تۇردۇم. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەپەسىدىمۇ ئانىلىق بۇرچىنى ئۆتەپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قويۇپ، باللارنى ئويلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن تەۋرەندىم...

ئەڭ دەھشىتى، مۇقەددەسنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن كېيىن ئۇ پەقەتلا بەش كۈن ياشىدى...

مۇقەددەسكە بەرگەن ۋەدەم ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى.ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشقا، ھەتتا بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشقا پېتىنالماي يۈرىمەن. ھە، ئۇنىڭ يىغىسى تۆگىمەك تۇرماق، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقاندەك قىلىدۇ...

مەن سېپىتجاننىڭ يۈرىكىدىكى يارىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى سەزسەممۇ، ئۇنى بەزلەشكە ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن. ئامما ماڭا قۇلاق سېلىۋاتقان ئۇ يوق. خالىسا جىم بولۇپ قالىدۇ، ھە خالىسا باھارگۈل توغرىلىق توختىماي سۆزلەپ كېتىدۇ.

— ئاھ، خۇدا! باھارگۈلنىڭ مېنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا يۈرۈپ كېتىدىغىنىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. ئەتىمالىم، باھارگۈل بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۆمرۈمنى مەڭگۈلۈك دەپ ئويلىسام كېرەك، ئۇنىڭ ئالدىدا كەچۈرۈلمەس گۇناھكار بولۇپمۇ ئۆلگۈرگەن ئىدىم.

ئۇ كۈنى بىزنىڭ ھاياتقا بىللە قەدەم باسقىنىمىزغا

ئون تۆت يىل بولغان ئىدى. بىز بۇ كۈننى ھەر يىلى ئالاھىدە خاتىرىلەيتتۇق. ئادەتتىكىدەك باھارگۈلگە ئالغان سوغامنى تەييارلاپ قويۇپ، ئۆيگە ماڭغىلى ئولتۇرسام، ئىشخانىغا ئاغىنىلەردىن ئىككىسى كىرىپ كەلدى. ئۇلار يەنە بىر ئاغىنىمىزنىڭ ئۆز ئۆيىدە كۈتۈۋاتقىنىنى ئېيتىپ، مېنىمۇ چاقىردى. ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن ئىدىم. «ۋاي بارى-يوقى يېرىم سائەت كېچىكسەنغۇ. پەقەت پىۋا ئىچىپ قايتىمىز. ئاڭغىچە باھارگۈل قېچىپ كەتمەيدىغۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن دەسلەپ ھەر بەش مىنۇتتا سائەتكە قاراپ ئولتۇرغان ئىدىم. ئالدى بىلەن پىۋا، ئاندىن كۈچلۈكلۈكىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ سائەتنىڭ ئون ئىككى بولۇپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قايتىمەن. مەن پېشانەمگە بىر ئۇرۇپ، ئۆيگە يۈگۈردۈم. باھارگۈل داستىخاننى يېيىپ قويۇپ، كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، دەرھال كۆڭلىنى ئالماقچى بولۇپ، سوغامنى تاپشۇرۇشقا تەمشەلدىم. مۇنۇ شەرمەندىچىلىكنى قارىمامسىز، ئۇنىڭغا

ئالغان ئەڭ چىرايلىق گۈلدەستەم ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە، ھە قىممەت باھالىق ئەتىرنىڭ قۇتىسى مېنىڭدە، ئۆزى قەيەرگىدۇر چۈشۈپ قالغان ئىكەن. باھارگۈلنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىڭ! مەن ئۇنىڭ ئالدىدا مىڭ كەچۈرۈم سورىدىم، ئەلۋەتتە. بۇ تەڭدىشى يوق گۇناھىمنى ئۆتەش پەيتىنى كۈتۈپ يۈردۈم. پەلەكنىڭ گەردىشىنى كۆرمەمسىز. مەن نۆۋەتتىكى مەيرىمىمىزگە ئۆزۈم داستىخان يېيىپ، ئالاھىدە تەييارلىق كۆرمەكچى بولۇپ يۈرگىنىمدە، باھارگۈلنىڭ ساغلىقى بولماي، دوختۇرخانىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنى دوختۇرخانىدا تەبرىكلىدىم. بۇ يىل بولسا... بۇ يىل مەن يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىدىم. چۈنكى ئاشۇ بىر مانا بەخت ھەدىيە قىلغان كۈن كەلگۈچە مېنىڭ باھارىم كەلمەس سەپەرگە كېتىپ ئۈلگۈردى...

※ ※ ※ ※

مېنىڭ خىيالىمنى جىرىڭلىغان تېلېفون ئاۋازى بۆلۈۋەتتى.«ۋاي ئاللا، چۈش بولۇشقا ئازلا قاپتىغۇ». سېپىتجان تېخى يوق. ئىشىمنىمۇ باشلىمىدىم. خەت قولۇمدا تۇرىدۇ. بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ھامانەم قالغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى چۈشتىن كېيىنگە قالدۇرۇپ، باھارگۈلنىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىقىشنى توغرا كۆردۈم. ھەقىقەتەنمۇ سېپىتجان ئەس-ھوشىنى يىغقىچە خەت توغرىلىق گەپ قىلماي تۇرغىنىمىز توغرا بولسا كېرەك. ھەر ھالدا ئۆزىگە بېغىشلانغان بۇ قىممەت يادنامىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوقۇۋالغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرەر ۋە توغرا چۈشىنەر، دەپ ئويلايمەن.

«سېپىتجان! قىممەتلىكىم...» دەپ باشلاپتۇ باھارگۈل خېتىنى.— مەن بۇ سۆزنى سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن يىللار ئىچىدە بىرەر قېتىم ئۈنلۈك سىز ئاڭلىغۇدەك ئېيتمىغان ئىكەنمەن. ياق، ياق، ئېيتقۇم كەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، ئەكسىچە پۈتكۈل ھاياتىمدا سىزنىڭ ماڭا بولغان بارلىق ياخشى مۇناسىۋەتلىرىڭىزگە بىنائەن مۇشۇ خىل ئاددىي ۋە قىممەت سۆزلەرنى دېگۈم كەلسىمۇ، ھېچ جۈرئەت قىلالمايتتىم. يالغان دۇنيانىڭ بۇ ئالامىتىنى كۆرمەمسىز! مەن جۈرئەتلىك بولغان، باللار خېلى چوڭ بولۇپ، ئەمدىكى ھاياتىمنى پەقەت سىزگە بېغىشلاي دېگەن چاغدا بۇ ئاجايىپ سۆزلىرىم يەنىلا ئۈنلۈك ئېيتىلماي قالىدىغان ئوخشايدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەر سىزگە يەتكۈچە، ئەپسۇس، مەن بۇ بىۋاپا دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ ئۈلگۈرىدىغان ئوخشايمەن. ھەئە، ئەزىزىم، بۇ دۇنيا ئەنە شۇنداق ئالدامچى ئىكەن. بىلىمەن. سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئاۋارە. مەن ئۇنى سىزنىڭ چىرايىڭىزدىكى مۇھەببەتكە تولۇپ-تاشقان تەبەسسۇمىڭىز كەتكەن، كۆزلىرىڭىزدىكى مېھىر-شەپقەت چېچىلىپ تۇرغان نۇرلار ئۆچكەن كۈندىن باشلاپ بىلىمەن. ئامما سىز بۇ ھالىڭىزنى ماڭا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، كۆزىڭىزدە غەم تۇرسىمۇ چىرايىڭىز ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ھەر قېتىم يېڭى ئۈمىدلەر بىلەن كېلەتتىڭىز. مېنى بىر دەقىقە ئاجايىپ بىر ئارزۇ-ئارمانلارغا بۆلەۋېتەتتىڭىز. قىزىق يېرى، بەزىدە سۆزىڭىزگە ھەقىقەتەنمۇ ئىشىنىپ قالاتتىم. لېكىن سىزنى كۆزلىرىڭىزگە يوشۇرۇپ قويغان قايغۇ-مۇڭنى ئوقۇپ چىقىپ، يەنىلا ھوشۇمغا كېلەتتىم. سىز مېنى، مەن سىزنى بىر قارىغاندىن كېيىنلا چۈشىنىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇدىڭىزمۇ، مېنىڭ مەردانە قەھرىمانىم. مەنمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى يارىلماسلىققا، ئۆزىڭىز تەسۋىرلىگەن بەختلىك ھاياتتا بەش كۈن بولسىمۇ ياشاشنى ئارزۇ قىلىشقا بار كۈچۈمنى يىغىپ تىرىشتىم. خىيالىمدا سىزنىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىڭىزغا قولۇمنى سېلىپ، چىرايلىق گۈللەر ئېچىلغان باغلاردا، سۇلار شارقىراپ ئاققان تاغلاردا، لەپىلدەپ سىرلىق ياققان يۇمشاق قار ئاستىدا يەنە مېڭىشنى ئارمان قىلدىم.

قانداق قىلاي، ئاياغلاشماي قالغان ئارمىنىم مېنىڭ. تەقدىر بىزگە يۈرەكلەر قانغۇدەك بەخت قۇچۇشنى يازمىغان ئىكەن. ئەمدى ئىككىمىز دۇنياغا ئەكەلگەن باللارغا توختىلاي. ئۇلاپ توغرىلىق ئېيتمىسام بولماس. چۈنكى ئىككىمىز بىللە ئېلىپ ماڭغان ھايات كارۋىنى ئەمدى يالغۇز سىزنىڭ بېشىڭىزغا تېگىلدى. ئۇلارنى چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشۇشقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئۆزىڭىزنى ساقلاشقا مەجبۇرسىز.

مۇقەددەس ئۇن بەشكە تولدى. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ئۇ قىزنىڭ قەلبى ناھايىتى نازۇك، دىلى ئوچۇق، ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلىسىز. بولۇپمۇ بۇ يىل ئۇ نۇرغۇن يىغلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆتكەن يىلقى تۇغۇلغان كۈنىدە: «دوستلىرىم كېلىمىز دېگەن، سىلەر ئېتىبار قىلمىدىڭلار» ــ دەپ چاتاق قىلغان ئىدىغۇ. ئۇ چاغدا مەن دەسلەپ ئاغرىپ يۈرگەن پەيتىم ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭغا «قىزىم، بۇ يىلچە دوستلىرىڭىز كەلمەي تۇرسۇن، مېنىڭ ساغلىقىم بولماي يۈرىدۇ، كېلىدىغان يىلى ئۇن بەشكە تولىسىزغۇ، شۇ چاغدا ئۆزۈم داستىخان يېيىپ، مەيرەمدەك ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن»، ــــ دەپ ئۆزۈمنى چاغلىماي، ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن. بۇ يىلقى ئەھۋالىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. ھەر ھالدا كۆز نۇرۇمنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلمىسۇن دەپ يېنىمدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇن ـ كۆرپەمنى يىغىۋېتىپ، مۇقەددەسنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. چۈشكە يېقىن سىز ئىككىسىنى ــــ مۇقەددەس بىلەن قاھارنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدىڭىز. شۇ كۈنى تۆتىمىزنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلدىكىنى يوشۇرماي سۆزلەۋاتقان يالغۇز قاھار ئىدى...

ــ ئاپا، سىز يېقىندا بارلىق پەندىن «بەش» ئالساڭ، ئۆيگە چىقىپ كېتىمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ. بىر پەندىن «تۆت» ئېلىپ قالدىم. ئىككى ـ ئۈچ كۈندە ئۇنىمۇ تۈزەيمەن. شۇ چاغدا دادام ئىككىمىز سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىمىز. ــــ دەپ ئاۋارە ئىدى.

ــ ئەلۋەتتە، قوزام، ئەلۋەتتە. ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆيگە چىقىمەن، ــ دەپ ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن سۆيۈپ، قولىغا كەمپۈت تۇتقۇزدۇم.

ھە، مۇقەددەس ئىككىڭلارزە... ئەتىگەندىن بىرى كۆزۈڭلارنىڭ قورۇمىغىنىنى، قاپاقلىرىڭلارنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى مېنىڭدىن يوشۇرماق بولۇپ، بىر تاغدىن، بىر باغدىن سۆزلىمەكتە ئىدىڭلار.

باياتىن بېرى قاھارنىڭ مېنىڭ يېنىمنى بوشىتىشنى كۈتۈۋاتقان مۇقەددەس:

ــ ياخشى بولۇپ كېتىپسىزغۇ، جېنىم ئاپا، ــــ دەپ مېنىڭ بوينۇمنى قۇچاقلىدى. مەن ئۇنى باغرىمغا تويماي بېسىپ تۇرۇۋەردىم. چۈنكى بۇ مېنىڭ قوزامنى باغرىمغا ئاخىرقى قېتىم بېسىۋاتقىنىمنى ئۇ بىلمىگىنى بىلەن ئۆزۈم بىلەتتىم... ئۇنىڭ يۇمران يۈرىكىنىڭ چاپسان ـ چاپسان سوقۇشىنى، ماڭا كۆرسەتكۈسى كەلمىگەن كۆز ياشلىرىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى يۇيۇپ ئۆتۈپ، ئىچكى ئەزالىرىنى ئۆكسۈتىۋاتقانلىقىنى، ئۆپكىسىنى تېخىلا باسالماي، ئاستا ئەندىكىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭسىزمۇ تىتىلىپ تۇرغان يۈرىكىم تېخىمۇ مۇجۇلۇپ كەتتى.

ــ تۇغۇلغان كۈنىڭىز مۇبارەك بولسۇن. خالىغان سوۋغىڭىزنى ئېيتىڭ، قىزىم. دادىڭىز سورىغىنىڭىزنى ئېلىپ بېرىدۇ، ــ دېدىم ئارانلا پىچىرلاپ.

ــ رەھمەت، ئاپا. دادام ئەڭ قىممەت سوغا ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى، ــ دەپ سىزگە قارىدى ئۇ.

ــ ئۇ نېمە، قېنى ئېيتىڭ، مېنىڭمۇ بىلىشىم كېرەككقۇ، ــــ دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەك بولدۇم.

ئۇ مېنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن قوللىرىمنى ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

ــ سىزنى... سىزنى ساقايتىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلدى، ــ دەپ سىزگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈردى مېنىڭ ساددا قوزام مۇقەددەس. سىز بولسىڭىز ئېغىر گۇناھ قىلىپ قويغان ئادەمدەك مۇقەددەسكىمۇ، ماڭىمۇ قاراشقا پېتىنالماي مىڭ بىر ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرىڭىزنى چەتكە ئالدىڭىز...

ــ مەن سىزنىڭ بىز بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇشىڭىزنى خالايمەن ئاپا، ــ دەپ بۇلاقتەك كۆزلىرىنى يەنە ماڭا قادىدى مۇقەددەس. قۇندۇزۇمنىڭ يوشۇرۇپ ئاۋارە بولۇۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلىرى ئاخىرى سىرتقا چىقىپ تىنىدى. باياتىن تىزىلىپ تۇرغان تامچىلار ئەمدى ئۇنىڭ قاپ ـ قارا ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى ئارىلاپ، كەينى ـ كەينىدىن تۆكۈلمەكتە ئىدى.

بۇ پەيتتىكى ھېسسىياتىمنى سىزگە ئېيتىپ، ئاۋارە بولماي، سېپىتجان. سىز قىزىمىزنىڭ ئورۇنلانماس ئارمىنى مېنىڭ ئاخىرقى ماغدۇرۇمنىمۇ ئۇزۇۋېتىش ئالدىدا تۇرغىنىنى دەرھال چۈشەندىڭىز.

ئاياق ـ قولۇم جانسىزلىنىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ: «ئاھ، خۇدايىم، بۈگۈنكى كۈندە، مۇنۇ نارسىدىلىرىمنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماي تۇرغىن. مۇشۇلارنىڭ كۆزىچە يىقىلىپ چۈشمەسلىكىم ئۈچۈن مەدەت بەرگىن... ئاندىن مەندىن ئامانىتىڭنى

ئېلىۋەرگىن...»، ــ دەپ تورۇشۇمغا:

ــ باھارگۈل، سىز ھېرىپ كەتكەنسىز. بىر ئاز ئولتۇرۇپ دەم ئېلىڭ، ــ دەپ ئورنۇمغا يېتىلدىڭىز. مىڭلارچە رەھمەت سىزگە، سېيىتجان. ئادەتتىكىدەك، يەنە سىز ئۆز ۋاقتىدا ياردەمگە كەلدىڭىز.

...ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋال، ئەلۋەتتە، چۈشىنىشلىك. باللارنى كەتكۈزۈۋېتىپ، بىر باھانە بىلەن يەنە قايتىپ كىردىڭىز. دوختۇرلارنى چاقىرتىپ، ئوكۇل سېلىپ قويۇشنى سورىدىڭىز.

ــ بۈگۈن مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا قوناي دېدىڭىز، ــ قوللىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ. ئامما ئۇلارنىڭ بۈگۈن ئانىسى بار چاغدىكى ئاخىرقى مەيرىمى ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

ئۆيگە بېرىڭ، سېيىتجان. مۇقەددەس... مۇقەددەس ئۈچۈن ئۆيگە بېرىڭ، — دېدىم پىچىرلاپ. سىز مېنىڭ كۆزۈمدىكى ياشنى ئالىقىنىڭىز بىلەن سۈرتتىڭىز، چاچلىرىمنى تۈزەپ قويدىڭىز. سىز دەل بۈگۈن باللىرىمنى ئاخىرقى قېتىم باغرىمغا بېسىپ خوشلاشقىنىمغىمۇ گۇۋاھ بولغان ئىدىڭىز ۋە بۇ ئەھۋالنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىپ تۇردىڭىز ئەلۋەتتە... ئەلۋەتتە بىلدىڭىز...

ئاھ، سېيىتجان مەن سىز بىلەن ئاجايىپ بەختلىك ئىدىم. ئۆتكەنكى مەيرىمىمىزدا دوختۇرخانىغا بىر قۇچاق گۈلى بار يوغان سېۋەت كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىدىڭىز. ئۇلا ئەمەس، قولۇمغا ئالتۇن ئۈزۈك، قۇلىقىمغا ئۇنىڭ ھالقىسىنى تاقاپ قويدىڭىز. گۈللەر ئارىسىدا بولسا «ھاياتىمنىڭ باھارى بولغان باھارگۈلۈمگە!» دېگەن ئوتلۇق سۆزلەر يېزىلغان تەبرىكنامە ياتاتتى. يېنىمدىكىلەر مېنىڭ نەقەدەر بەختلىك ئىنسان ئىكەنلىكىمنى ھەر كۈنى ئېيتىپ، مېنى تېخىمۇ خۇش قىلاتتى. سىز ھەر قانداق مەيرەملەردە ئەنە شۇنداق دىققەت ئېھتىرامىڭىز بىلەن مېنى ئالقىنىڭىزغا سېلىپ يۈرسىڭىز، مەن بۇنى پېشانەمدىكى تۈگىمەس بەختچېغى دەپتىمەن. بۇ دۇنيانىڭ نەقەدەر ۋاپاسىزلىقىنى بىلمەيلا قايتىمەن...

قىسقىسى، سىز تاللىغان «باھار» يوپۇرماقلىرىغا ئېگە بولالمىغان «كۆز» بولۇپ چىقتى (چاق ـ چاق).

راستىمنى ئېيتسام، ئەڭ ئېغىر ۋەزىيەتتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىشنى سىزدىن ئۆگەندىم.

سېيىتجان! مېنىڭ خەت يېزىشقىمۇ چامىم قىلمىغىنىنى يېزىقلىرىمدىن كۆرۈۋاتىسىز.

باللار سىزگە ئامانەت. قاھارغۇ كىچىك، ئويۇن بالىسى. ئۇ سىز بىلەن بىللىلا يۈرگەچكە، ئانچە سەزمەي قېلىشى مۇمكىن.ھە، مۇقەددەس... ۋاي، مۇقەددەسنى دېسەم، يۈرىكىم تىتىلىپ كېتىدۇ. ئىلتىماس، ئاشۇ قىزغا يار ـ يۆلەك بولۇڭ. كۆپ يىغلاتماسلىققا تىرىشىڭ. يالغۇز قېلىشىغا يول قويماڭ. ئانىدەك بولۇشقا بەل باغلاڭ.

مېنىڭدىن رازى بولۇڭ، قەدىرلىكىم. سىز ماڭا ئەڭ ۋاپادار، ۋە قەدىردان يار بولدىڭىز. ھەقىقەتنى ئېيتسام، بىر نەچچە كېچە سىزدىن ئايرىلىش ئوڭايراق بولسۇن دەپ «سەندىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس» دەيدىغان بىرلا سەۋەب ئىزدىگەن ئىدىم تووۋا، قانداق ئادەمسىز ئۆزىڭىز!!!. ھاياتىمدا مېنى قاتتىق بىر رەنجىتكەن پەيتىڭىزنى تاپالماي ئاۋارە بولدۇم... سىزدىن ئىلتىماسىم، بەندىچىلىكتە رەنجىتىپ قويغان قەلبىڭىزنى ئايىماي قالغان پەيتلىرىم بولسا، كەچۈرۈڭ. پەقەت بېشىڭىزنى ئېگىز تۇتۇڭ. قەددىڭىز ئېگىلمىسۇن.چۈشكۈنلۈككە چۈشۈشكە ھەققىڭىزمۇ يوق. چۈنكى، باللارغا ئەمدى سىز يالغۇز جاۋابكار. يادىڭىزدا بولسۇن، مەن سىزدىن ئىككى دۇنيا رازى.

ئەلۋىدا، سېيىتجان، تايانچىم مېنىڭ!

ۋاپاسىزلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرگەيسىز... باھارگۈل».

خەتنى ئوقۇپ بولغۇچە كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياشلار ئۆپكەمنى ئېچىشتۇرىۋەتكىنىنىمۇ سەزمەي قايتىمەن. بۇ تەڭشەلمىگەن ئالەم ئىككى ياخشى قوشۇلسا، ئارتۇق كۆرۈپ، ئايرىۋېتىشنىڭ بار ئامالىنى قىلىدىغانغا ئوخشىمامدۇ... مۇنۇ ئىككىسىنىڭ بىر يىل ئىچىدە تارتقان دەردىنى، خۇددى مەنمۇ بىللە تارتقاندەك بولدۇم. ئۆز ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ، سەل بېسىلىپ ئولتۇرۇشۇمغا سېيىتجان كىرىپ كەلدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ھېچ نېمىدىن بىخەۋەر. مېنىڭ بىلەن سۇس سالاملىشىپ، ئورنىغا ئولتۇردى. چىرايى بايىقىدەك سولغۇن.

ــ باھارگۈلگە يولۇقۇپ كەلدىم، ــ دېدى ئۇ بىر ئاز جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن.ــ تووۋا، ئوڭايلا ئاشۇ يەرنى ماكان قىلىۋالغىنىنى دەيمىنا...

ئۇنىڭ قەبرىستانلىققا بېرىپ، باھارگۈل بىلەن سۆزلىشىپ كەلگىنىنى چىرايىدىن چۈشەندىم. مەن ھازىرچە خەتنى كۆرستىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى سېزىپ، ئۇنى تېخىمۇ نېرىراق سېلىپ قويدۇم.

※ ※ ※ ※

ئەتىسى مەن ئىشقا كەلسەم بۆلۈمدە سېيىتجان ئولتۇرغان ئىكەن. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا سالام - سائەدەتسىزلا:

— خەتنى ماڭا بېرىڭ، — دەپ يېنىمغا كەلدى.

— ۋاي، ياخشىمۇسىز، سېيىتجان، نېمە خەت ئۇ، — ۋاقىتنى سوزماقچى بولدۇم « مۇقەددەس ئېيتىپ قويۇپتۇ-دە» دەپ ئويلاپ.

— ياخشىمۇسىز. خاپا بولماي خەتنى بېرىڭ، — ئۇ، خۇددى كەمپۈت كۈتۈۋاتقان كىچىك بالىدەك، تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى. باشقا ئامال يوقلىقىنى سېزىپ، خەتنى ئۇزاتتىم، ئاندىن ئۇنى بىر پەس «باھارگۈل» بىلەن ئازادە قالدۇرۇپ، ئۆزۈم قوشنا بۆلۈمگە كىرىپ كەتتىم. ئارىلاپ-ئارىلاپ «بىچارە سېيىتجانغا نېمە بولۇۋاتىدىكىن؟»، — دەپ ئويلاپ قويىمەن.

بىرى:

— سىزنى بىر قىز ئىزدەپ يۈرىدۇ، — دەپ چاقىردى. بۆلۈمگە كىرسەم مۇقەددەس يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ.

— دادام يەنە يوقمۇ؟ — دېدى ئۇ تەشۋىشلەنگەندەك بولۇپ. مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. سېيىتجانغا بولسا، قاھار «ھەدەم ئۆيدىن بىر خەت تېپىۋالدى. ماڭا ئوقۇپ بەر دېسەم، ئۇنىماي ئۆزى ئوقۇپ جىق يىغلىدى. كېيىن، بۇ دادامنىڭ خېتى، ئىشقا ئاپىرىپ بېرىمەن دەپ ئېلىپ كەتتى» دەپ ئېيتقان ئىكەن. ئۇ مۇقەددەس مەكتەپتە بولغاچقا، دەرھال خەتنىڭ مېنىڭدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇنىڭمۇ سەۋەبى بار. مېنىڭ تونۇغۇن تامامەن باشقىچىلا بولۇپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ ئۇ:

— سىز نېمە بولدىڭىز، — دەپ بىر نەچچە قېتىم سورىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، خۇددى ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، «ئادەم بالىسىنىڭ ئىچىدە نېمە دېگەن نۇرغۇن سىر ياتىدۇ. شۇنچە يىل بىللە ئىشلەپ ئىچىڭىزدە نېمە بارلىقىنى بىلمىگەن ئىدىم. باھارگۈلنىڭ بېشىغا قونغان بەخت قۇشى ئىكەنسىز. ئامال يوق، تەقدىر سىلەرگە بەك ۋاپاسىزلىق قىپتۇ...»، دېگەن ئويلار بىلەن ئۇنىڭغا قاراۋەرگەن ئىدىم.

— ھازىر ئۇ بۆلۈمدە يوق. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

— دېدىم ئەندىشە بىلەن.

— مەن بىلمەن. ئۇ ئاپامنىڭ يېنىغا كەتتى. بۆگۈن... بۆگۈن ئۆلارنىڭ مەيرىمى ئىدى، — دېدى مۇقەددەس مۆڭلىنىپ.

ئەمدى يادىمغا چۈشتى. سېيىتجاننىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە بىر سېۋەت گۈل تۇراتتى. خەت توغرىلىق گەپ بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئانچىۋالا ئېتىبار بەرمەپتىمەن.

— مەن دادامنىڭ يېنىغا كەتتىم. — دېدى مۇقەددەس،

— توختاڭ، يالغۇز قانداق بارىسىز. مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي، — دەپ كەينىدىن كىيدىم.

***

بۇ ۋاقىتتا سېيىتجان بىر قولىدا خەت، بىر قولىدا گۈل تۇتۇپ، باھارگۈلنىڭ قەبرى بېشىدا غال - غال تىترەپ، ئولتۇراتتى.

— باھارگۈل! باھارگۈلۈم مېنىڭ، بۈگۈنكى كۈننى تونۇتتىڭىزمۇ؟ ئۆمرىمىزنىڭ تا ئاخىرىغىچە ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ بىللە كۆرۈمىز، دەپ قەسەم قىلغان ئەمەسمىدۇق. مېنى نېمە قىلىپ قويدىڭىز؟ مەقسىتىڭىز مېنى بىر دۆۋە توپىغا قارىتىپ زارلىتىشمېدى؟ مەن بۇ قىسقا ھاياتتا سىزگە ياخشىلىق قىلىپمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدىمغۇ. نېمە قىلغىنىمغا رازى بولدىڭىز؟ قولۇمدىكى ئالتۇنۇمنى ساقلىيالماي توپىغا كۆمۈپ قويغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

بۈگۈنمۇ بىز ئۈچۈن مەرىيەم كۈنى ئىدىغۇ. سىزگە ئالغان گۈلۈم نېمە ئۈچۈن توپا ئۈستىدە ياتىدۇ؟

ھاياتىمنىڭ مەيرىمى ئۆزىڭىز ئىدىڭىزغۇ. مېنى ماتەمدە قالدۇرۇپ ئۆزىڭىز نەلەرگە كەتتىڭىز زادى؟ مېنىڭ زارىمنى ئاڭلاۋاتامسىز، ئېچىلىش ئورنىغا غازاڭ بولۇشقا ئالدىرىغان، پىغانىم؟ بۈگۈنمۇ ئادەتتىكىدەك كۈتتىڭىزمۇ، مېنىڭ باھاردا كېلىپ، باھاردا كەتكەن، گۈزىلىم...

مۇقەددەس تىزلىنىپ ئولتۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى.

— دادا، جېنىم دادا. تۇرۇڭ، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن. مەن سىزنى ئاپام كۈتكەنگە ئوخشاش كۈتىمەن، مەن ئەمدى يىغلىمايمەن... — دەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

ئاتا-بالا ئىككىسى قۇچاقلاشقان پېتى ئۇزاق تۇردى. مەن ئۇلارنى بەزلەشكە كۈچۈمنىڭ يەتمەيدىغىنىنى بىلگەچ، خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن بولسامۇ، قۇلىقىمغا ئۇلارنىڭ يىغىسى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى...

# بۇ ۋەتەن مېنىڭ

*(ئا . ئەرۋاھ)*

مېنى توغراقلارغا تەتۈر ئېسىڭلار،
مېنى تەكلىماكانغا پالۋېتىڭلار،
بۇ زېمىن مېنىڭ...

مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيەي،
مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلەي!
مېنىڭ سۆزلىگىنىم ھېكايە ئەمەس،
مېنىڭ سۆزلىگىنىم ئەپسانە ئەمەس،
قەلبىمگە ئورۇلغان مۆھۈردۇر ۋەتەن،
ۋەتەن ئىمان بىلەن بىر تەن.

بىر گۈل ئېچىلار نۇرنىڭ بەرگىدە،
يۈرەك يىغلايدۇ ۋەتەن قەرزىدە.
شاماللاردىن ھىدىڭنى ئىزدەپ
ئوغلۇڭ مۇساپىر ئۆزلۈك چۆلىدە.

قۇشلار سايرىشى ۋەتەن دېگەن سۆز
ۋەتەن دېيىلسە چېقىلىدۇ كۆز.
ۋەتەن مېنىڭ تۈنۈگۈنكى يۈزۈم
ۋەتەن مېنىڭ ئاخىرقى ئۆزۈم.
سۆڭەكلىرىم ئۇنىڭ دەرىخى
تېرەم جەزمەن ئۇنىڭ يولىدۇر.

پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەر يىغلاۋاتىدۇ
ئىشكى ھەم ئېتىلگەن دېرىزىسىز ئۆيدە
خەرىتىلەردىن تاپالماي ۋەتىنىنى...

ئۇنىڭ پۇچۇق يۈرىكى بار
كۆرەلمەيدىغان...
ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزى بار
ھېس قىلمايدىغان...
ئۇنىڭ شانلىق تارىخى بار
ئاڭلانمايدىغان...
ئۇنىڭ بۈيۈك ئىمانى بار
تاپالمايدىغان...
ئۇنىڭ...

مېنى توغراقلارغا تەتۈر ئېسىڭلار،
مېنى تەكلىماكانغا كۆمۈۋېتىڭلار،
ۋەتەننى ئارمان قىلىپ،
بۇ جاننى ئوتۇن قىلىپ
مېنى گۈلخانلاردا يېقىۋېتىڭلار.
كۈلۈمدىن ياساپ شاراب
راسا ئىچىڭلار.
ئىشقىمدىن كېرىپ بىر داپ
تازا چېلىڭلار.
ساراڭ بولۇڭلار مېنىڭ كۈيۈمدە
قاتتىق ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىڭلار:
بۇ ۋەتەن مېنىڭ...
بۇ ۋەتەن مېنىڭ...

2016ـ يىلى 1ـ ئاۋغۇست

## خاتىرجەملىك

*رىياد سالىھ ھۇسەيىن (سۇرىيە)*

تاشتىن كېيىن يەنە تاش
يېقىلمايمەن
مۇھاسىرىدىكى شەھەردەك.
يوپۇرماقتىن كېيىن يەنە يوپۇرماق
يېقىلمايمەن
كۈز پەسلىدىكى دەرەختەك.
جەسەتتىن كېيىن يەنە جەسەت
يېقىلمايمەن
ئوپئوچۇق قەتلىئامدا
قانۇننىڭ قوغدىشى ئاستىدىكى
جاھانگىرلىك تانكىلىرى ئالدىدا.
يۈرەك ساچىمنى تارايمەن ـ دە
ئۆلۈمگە خاتىرجەم باقىمەن.

*ئەرەبچىدىن ئا. ئەرۋاھ تەرجىمىسى*

# ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن

ئورخان ۋەلى قانىق (تۈركىيە)

ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.
مانا مەيىن شامال چىقماقتا،
ئىغاڭلىماقتا ئاستا-ئاستا،
ياپراقلار دەرەخلەردە.
يىراقلاردا، بەكمۇ يىراقلاردا،
سۇچىلارنىڭ توختىماي چېلىنىۋاتقان قوڭغۇراقلىرى.
ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.

ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.
كوچمەكتە قۇشلار، شۇ پەيتتە-
توپ-توپ بولۇپ، ۋىچىر-ۋىچىر سايرىشىپ.
كۆلچەكلەردىن تارتىلماقتا تورلار.
بىر ئايالنىڭ سۇغا تېگىپ قالغان پۇتلىرى.
ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.

ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.
ئەجەب سالقىن ئۈستى يېپىق بازار.
قاينام-تاشقىن مەھمۇد پاشا.
كەپتەرگە تولغان هويلىلار.
پېرىستاندىن كەلمەكتە بولقا ئاۋازى.
باهار شامىلىدا تەر هىدى.
ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.

ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.
بېشىمدا كونا دۇنيا مەستلىكى
قاراڭغۇ قېيىق بېكەتلىرى بىلەن ساھىل
پەسىيىۋاتقان جەنۇپ شامىلىنىڭ شاۋقۇنى ئىچىدە
ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.

ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.
بىر سەتەڭ ئۆتمەكتە تاشلىق يولدىن
هاقارەتلەر، ناخشىلار، قوشاقلار، چاقچاقلار ياغماقتا.
بىر نەرسە چۈشمەكتە يەرگە قولىدىن
بىر تال ئەتىرگۈلدۇر بەلكى.
ئىستانبۇلنى تىڭشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.

ئىستانبۇلنى ئىگشاۋاتىمەن، كۆزلىرىم يۇمۇلغان.
تىپىرلىماقتا بىر قۇش، قۇچاقلىرىدا.
مەڭزىڭ ئىسسىقمۇ؟ ئەمەسمۇ؟ بىلمەيمەن.
لەۋلىرىڭ نەممۇ؟ ئەمەسمۇ؟ بىلمەيمەن.
ئاپئاق ئاي تۇغماقماقتا ئىپكىنزارلىق كەينىدىن
يۈرىكىڭنىڭ سوقۇشىدىن تۇيۇۋاتىمەن.
ئىستانبۇلنى ئىگشاۋاتىمەن.

*تۈركچىدىن فارۇق ئۇيغۇرۇللاھ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان*

## مەن قورقمايمەن!

سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)

مەن قورقمايمەن!
ۋىجدانى يوق نادانلاردىن،
نومۇسىنى نەپكە ساتار هارامىلاردىن.
پۇلى بىلەن پالۋان كەبى كۆكرەك كېرەر،
چېچىلا بار، ئەقلى كەمتەر ساراڭلاردىن.

مەن قورقمايمەن!
ئىككى يۈزلۈك يالغانلاردىن.
قوي تېرىسىنى كىيىۋالغان يامانلاردىن.
دىلى زەهەر، تىلى هەسەل قۇۋ تۈلكىدەك،
تەييارنى يەپ ئۆمۈر سۈرەر ئىنسانلاردىن.

مەن قورقمايمەن!
مىش-مىش غەيۋەت پاراڭلاردىن،
تۆهمەت يېپىپ، ئادەتلىنىپ قالغانلاردىن.
مال-دۇنيانىڭ دۆلىتىدە قانات قېقىپ،
مېهنەت قىلماي مەنسەپ سېتىپ ئالغانلاردىن.

مەرەز، ئىچى بەك تارلاردىن،
ئۆزنى خۇددى پىردەك بۈيۈك تۇتقانلاردىن.
تۆت يېقىدا يۆلەكچى بار، بىلىمى يوق،
دانىشمەنچە كۆرسە ئەقىل ئېيتقانلاردىن.

مەن قورقمايمەن!
يارامغا تۇز سالغانلاردىن،
ۋەدە بېرىپ، سۆزىدىن تېز تانغانلاردىن.
ئاتاق بىلەن تۇمشۇقىنى كۆككە سوزۇپ،
يورۇقى يوق يۇلتۇز كەبى يانغانلاردىن.

مەن قورقمايمەن!
كەينىمدىن تاش ئاتقانلاردىن،
كۈلۈپ تۇرۇپ كۆكسۈمگە مىخ قاققانلاردىن.
بايلىق بىلەن بىلمەيمەن دەپ ئاجىزلارنى،
ئون بارماققا ئون خىل ياقۇت تاققانلاردىن.

مەن قورقمايمەن!
ئالدىمدىكى سىناقلاردىن،
هاياتىمدىن تالاي مەرتەم ساۋاق ئالدىم.
گۇناھلىرىم بولسا كەچۈر ئۇلۇغ ئىلاهىم!
مەن قورقىمەن پەقەت مېنى ياراتقاندىن!

# ئۇيغۇرچە 100 نادىر ئەسەر
# Uygurca 100 Temel Eser
# 100 Fundamental Works in Uyghur

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا[1]، فۇرقات مەخمۇت غازى[2]

**ئاساسىي مەزمۇنى:** 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نۇرغۇنلىغان دىداكتىك، ئىپىل ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. مەزكۇر تىزىملىكنى تۈزۈشتە ئۆتكەن ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە نۇرغۇن رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە نەسىرلەرنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ، ھەر دەۋرگە تەۋە ئەسەرلەردىن مەزمۇنى تېرەن، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى كۆپ خىل بولغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە دەپ قارالغان نادىر ئەسەرلەر ئاساس قىلىندى.

شۇنداقلا بۇ 100 نادىر ئەسەر قوش تىل مائارىپىدا يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ ئانا تىلنى ياخشى ئىگىلىشى بىلەنلا قالماي يەنە ئىككىنچى تىلنى ئۆگىنىشى ياكى ئاكادېمىك خىزمەتلىرىگىمۇ بەلگىلىك ۋە روشەن تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2010-يىلى فەيسبۇك ئۇيغۇر بېتىدە ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ياخشى 10 ئەسەر راي پائالىيىتى نەتىجىسى ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئايلاپ ئېلىپ بېرىلغان تاللاش نەتىجىسىدە ئۇيغۇرچە 100 نادىر ئەسەر تىزىملىكىنى رەتلەپ چىقىلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر، ئەدەبىيات، ئەسەر، قوش تىل.

خەلقىمىز بازار ئىگىلىكى يىتەكچىلىكىدىكى، سانائەتلىشىش، ۋە شەھەرلىشىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرماقتا. دەۋر بىلەن ھەمقەدەم مېڭىش-ماگاللماسلىق كۆپ ئامىللىق ۋە كۆپ سەۋەبلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى بىلىشىنىڭ تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. شەخسلەرنىڭ ئۇتۇپ چىقىشى ئۇچۇن خىزمەت قابىلىيىتىدىن باشقا ئۇنىۋېرسال بىلىم ساپاسى ۋە نەزەر دائىرىسىنىڭ رولىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ خىزمەت ۋە جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئىدارە قىلىش ۋە شەخسنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشتە ھەمدە ئۆزىگە خاس ساغلام شەخسىي خاراكتېرنى شەكىللەندۇرۇشتە كەم بولسا بولمايدىغان يۇمشاق كۈچ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بىر ساپانى ھازىرلاش ئۇچۇن، تۇرمۇشتىن ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە پىسخىك ئوقۇملاردىن خەۋەردار بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كىتاپ ئوقۇشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز توختالغان كىتاب ئوقۇش پەقەت خىزمەت، كەسىپكە ۋە قىزىقىشقىلا ئالاقىدار بىلىملەر بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى يەنە ئەقلى بىلىش ۋە مەنىۋى يېتىلىشكە پايدىلىق كەڭ دائىرىلىك كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇشنىڭ تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپ، ھاياتىمىزنى موللاشتۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ساپايىمىزنى يېتىلدۇرۇشىمىزدە بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم.

يېقىنقى يىللاردىن بىرى خەلقىمىز ئارىسىدا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ھەرخىل شەكىلدىكى كىتاب ئوقۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەۋجىگە چىقىۋاتقانلىقىدىن پەرەز قىلالايمىز. بىلىم ئىگىلىرى ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسى ۋە خەلقىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، كىتاب ئوقۇش يىلى، كىتاب ئوقۇش ئېيى، 50 كىتاب تۈگىتىش پائالىيەتلىرى، خاتىرە كۈنلەردە ئۆز ئارا كىتاب سوۋغا قىلىش، تويلاردا كىتاب تارقىتىش، كىتاب ئوقۇش چېيى، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدا كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، مەلۇم كىتاب ھەققىدە مەخسۇس تېلېۋىزىيە سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش دېگەندەك رەڭگارەڭ شەكىللەر بىلەن كىتاب ئوقۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىنىپ، ئىنتايىن ياخشى ساغلام ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغانلىقىنى، خەلقىمىز ئارىسىدا كۆتۈرۈلۈۋاتقان كىتاپ ئوقۇش

[1] تىل تەتقىقاتچىسى، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى (لوندون) mtzunun@gmail.com
[2] مالايا ئۇنىۋېرسىتىتى ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى tarimglobal@gmail.com

قىزغىنلىقىنىڭ ئىشىۋاتقانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۈگۈنكىدەك تېز رېتىملىق ئىجتىمائىي رېئاللىقتا خىزمەت، ئائىلە ۋە ئۆگىنىشنى تەڭ ئېلىپ مېڭىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. كىشىلەر چەكلىك ۋاقىتتىن قانداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قايسى ئىشلارنى قىلىش ۋە قايسى كىتابلارنى ئالدىن ئوقۇش كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە دائىم دىلىغۇللۇققا ئۇچراپ، بېشى قاتىدۇ. نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز كۆپرەك كىتاب ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ، ئەمما كىتابلارنىڭ كۆپلىكى، ۋاقىتنىڭ قىسلىقى تۈپەيلى ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، خەلقىمىزگە ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان، ئۇنىۋېرسال بىلىم ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئاشۇرىدىغان، ۋاقىتنىمۇ تېجەيدىغان، ئانا تىلىمىزدا نەشىر قىلىنغان نادىر ئەسەرلەردىن 100 نىڭ تىزىمىنى تۈزۈپ چىقتۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر ئاز ئەمەس، ئەمما بىز ۋەكىللىك خاراكتېرى بولغان، پۇرسەت بولسا چوقۇم ئوقۇپ چىقىش كېرەك دەپ قارىغان، كەڭ تارقالغان 100 چە ئەسەرنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق. ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ نادىر ۋەكىللىرى دەپ قارىغانلىرىمىزنى تاللىغىنىمىز ئۈچۈن، شۇ ژانىردىكى باشقا ياخشى ئەسەرلەرنى كىرگۈزمىدۇق. بۇ ھەرگىز شۇ خىلدىكى كىتاب ياكى يازمىلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ياكى ئۇسلۇبىنىڭ نادىر ئەسەرلەر ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بۇنىڭدا كىتابخانلارنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى ۋە توغرا چۈشىنىشىنى سورايمىز. دېمەكچىمىزكى نادىر ئەسەرلەر تىزىملىكى بۇ 100 ئەسەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ خالاس. بۇ بىر باشلانغۇچ قەدەم، بۇ تىزىملىكنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ 200، 500 ھەتتا مىڭغا يەتكۈزىمىز دېگەن تىلىكىمىز بار. مەلۇمكى بىلىم ئېلىشنىڭ يوللىرى ئانا تىلىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ تىزىملىكنى تولۇقلاپ، كېڭەيتىپ مېڭىشىنى ھەرزامان قارشى ئالىمىز. ھەممە ئوقۇرمەننىڭ كۆڭلىدە بىر تارازا بولىدۇ، نادىر ئەسەرنىڭمۇ بىر قېلىپى بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىغان بولساق كۆپچىلىكتىن يۈز مىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سورايمىز. ئەلۋەتتە بۇ تىزىملىك پەقەت بىر تەۋسىيە، كىتابخۇمار قېرىنداشلارنىڭ ئىزدىنىۋاتقان مەنزىلىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولالىسا ئەمگىكىمىزدىن رازى بولىمىز. ئەمدى داۋاملىق تۈردە ئىزدىنىپ، ئارزۇ قىلغان مەنزىلگە يېتىشى سىزگە قالدى. بۇ تىزىملىكنى تۈزگەندە، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئالاھىدە نامايان قىلغان، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ نامايەندىسى دەپ قارىغانلارنى تاللىدۇق. تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، قاراتمىلىقى روشەن بولۇپ، بىر قەدەر پۈتۈن تىزىملىك سىستېمىسى شەكىللەندى. قەيت قىلغىنىمىزدەك، مەزكۇر تىزىملىكنى تۈزۈشتە ئۆتكەن ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە نۇرغۇن رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە نەسىرلەرنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ، ھەر دەۋرگە تەۋە ئەسەرلەردىن مەزمۇنى تېرەن، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى كۆپ خىل بولغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە دەپ قارالغان نادىر ئەسەرلەر ئاساس قىلىندى.

بۇ تىزىملىكتىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ، تارىخىنىڭ، ئېتنوگرافىيەسىنىڭ بايلىقىنى، ساپلىقىنى قوغدىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان، كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ قېلىپلاشقان بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتى ۋە يەرلىك شېۋىلىرى، كۆپ قاتلاملىق مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. روشەنكى، تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن مول مەنبەلىك ، كۆپ ئۇچۇرلۇق بۇ قىممەتلىك ئەسەرلەردىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۈگۈنكى خىرىس ۋە رىقابەتتە بەيگىگە چۈشەلەيدىغانلىقىنى، شاللىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى، بۈگۈنكى دەۋرگە بولغان ماسلىشىشچانلىقى بىلەن تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇندىن باشقا يەنە بۇ ئەسەرلەر تىلى، مەزمۇنى ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خەلقىمىزنىڭ ھەر دەۋردىكى تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، قىممەت قاراشلىرىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ھايات پەلسەپىسىنى ۋە تىل سەنئىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان سەرخىل ئەسەرلەردۇر. ھەرقانداق كىتابخان بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتى، بالاغىتى ۋە گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ھەققىدە تېخىمۇ رېئال چۈشەنچە ۋە تونۇشقا ئىگە بولالايدۇ.

بۇ 100 كىتاب كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، كۇتۇپخانىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان كىتابلار تۈرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ، شۇنداقلا قوش تىل مائارىپىدا يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلارغا ئەڭ ياخشى ئانا تىل دەرسى بولالايدۇ دەپ قارىدۇق. كونىلار «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر

باش پىياز» دەپتىكەن. بىز بۇ مۇشكۈل ئەمما كاتتا خىزمەتكە قىلغان ناقىس غەيرىتىمىزنى قېرىنداشلار توغرا چۈشىنەر، ۋەزىپىمىزنىڭ مۇشكۈللىكى تۈپەيلى يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى ھەم كەچۈرەر دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئۇيغۇرچە 100 نادىر ئەسەرنىڭ باشقا تىلدىكى ئوقۇرمەنلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، شۇ تىلدىكى ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچى ئوقۇرمەنلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە تەرجىمانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىكى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇيغۇرچە 100 نادىر ئەسەرنىڭ تۈركچە ۋە ئىنگلىزچىسىمۇ تەييارلاندى. مۇناسىۋەتلىك دوستلارنىڭ بۇ تىزىملىكنى ئاساس قىلىپ يەنە باشقا تىللاردىمۇ ئېلان قىلىش ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## Uygurca 100 Temel Eser

Okumak herkes için bir ihtiyaçtır. Herkesin listesindeki okuma kitapları farklıdır, farklı. Her millette olduğu gibi, Uygurların okuma alışkanlığı konusu her şeyden önce kültürel bir olgudur. Kültür, okuma yolu ile özellikle klasik hale gelmiş eserleri tekrar tekrar okuma yolu ile kazanılabiliyor.

Milletler milli benliklerini, dilleri ile meydana getirdikleri eserlerle ve o eserlerin kapsamlı kitlelerde oluşturacağı düşünce, görüş, mütalâa, fikir, mülâhaza dünyası ile koruyup geliştirebiliyor.

1980'li yıllardan itibaren edebiyatımızın hemen her türünde, yeni bir anlayışla kaleme alınmış eserlere rastlanmaktadır. Aynı yıllardan itibaren edebiyatımızın da hızlı bir gelişme gösterdiğine şahit oluyoruz. Bir taraftan dünya klasiklerinin tercümeleri, diğer taraftan, kendi yazarlarımızın medeniyet, tarih, kültür, dil ve edebiyat evreni bağlamında çeşitli eserleri.

Dilimizin gelişmesi ve korunması için biz kendimizden başlayarak toplumun tüm kesimlerinin ömründe hayattayken en azında bir kere okuması gereken ve ömür boyu okuma alışkanlığının kazandırılmasında büyük önem taşıdığını düşündüğümüz Uygurca 100 temel eser listesini hazırlayıp yayınlamayı düşündük.

Uygurca 100 temel eserde yer alan eserler; Uygur Dili, Edebiyatı, tarihi ve ilgili dersi ayrıntıları ile ilişkilendirilerek okutulması hem de boş zamanlarını değerlendirmek üzere öncelikle baş vurabilecekleri kaynak eserler olarak tavsiye edilmesi için derlenmiştir.

Bu eserler özellikle Uygur gençlerini, millî ve manevî değerlerine sahip, yüksek karakterli bireyler yetiştirmek amacı ile seçilmiş eserlerdir.

100 temel eserden maksat, Uygurca bilincini uyandırmak, Uygur edebiyatına ait seçkin eserleri, yazarları tanıtmak ve Uygurları kendi klasiklerini okuyabilecek düzeye getirebilmektir.

Uygurca 100 temel eser; Uygurlara dil, duygu ve düşünce zenginliği kazandırmakla beraber milli kültürü, tarihi, edebiyatı ve uygun kitap okuyarak okuma alışkanlığı kazandırmak amacıyla hazırlanmıştır.

Bu listeye alınmamış değerli yazarlarımızın eserlerinin görmemezlikten gelindiği veya onların eserlerinin daha değersiz olduğu anlamına gelmez. Bu yazarlarımızın da şüphesiz çok önemli, okunması ve okutulması gereken yayınları vardır. Ne var ki bunlar arasında tercih yapmanın zorluğu ortadadır.

Kuşkusuz, bunun sebepleri arasında listelerin hazırlanma aşamasından eserlerin kalitesine, özelliğine, niteliğine, hususiyetine, müfredat–eser ilişkisinden okuryazarların tutumuna kadar birçok etken sıralanabilir. Bizim ortaya çıkardığımız sonuç son da değildir. Yukarda ortaya çıkan eser potansiyeli değerlendirmesi ve en uygun stratejinin belirlenip yeni listelerle genişleterek 200 temel eser 500 temel eser olarak en ince noktalarına kadar özen göstererek, emek vererek daha nice sonuç elde edilebilir.

# 100 Fundamental Works in Uyghur

In every society or the communities, there are some certain books; someone should read to understand the history, culture, folks and nature of the people etc. We have selected 100 Uyghur literary works that everyone should read at least once in their lives in which they have universal themes, characters, experiences, emotions, and perspectives that are still relevant today. Some of them are the very inspiration from which entire modern genres of literary fiction have sprung up from.

100 Fundamental literary Works in Uyghur is a list of the best Uyghur–language works of the 20th century notable books include fictional works such as novels, poems and plays and non–fiction works such as biographies etc.

From a seemingly infinite list of books and works of anecdotal or literal merit, we have narrowed down the top 100 fundamental works in Uyghur that have shaped the lives of individual Uyghur while also helping define broader cultural ideas of what it means to be Uyghur.

Concerning the development of bilingual learning and considering the Impact of bilingual education among Uyghur, the role of the 100 Fundamental Works in Uyghur is going to be meaningful for the students' communicative ability. Overall, the bilingual education results in satisfying the proficiency of other language and academic performance while the students' proficiency in our native language has been further developing.

In early 2010, the Uyghur Page on Facebook polled on its page to find the best 10 works of each genre of literature of the 20th century. In addition, after months of careful consideration among the thousands of books, poems and literary piece, we have has reached a verdict on their selection of the 100 Fundamental works written in Uyghur.

Here are 100 books that that we feel are describing milestones in our literary tradition. Some are well known classics, others are modern giants. All are well worth reading at least once in your life!

## ئەسەرلەر تىزىملىكى

**رومانلار:**

1. ئانا يۇرت، (3 توم) زوردۇن سابىر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى ، 2001- يىلى
2. ئويغانغان زېمىن، ئىككى قىسىملىق تارىخىي رومان، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1988-يىل 10-ئاي
3. ئىز، تارىخىي رومان، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1985-يىل
4. ئىبغىر تىننىقلار، يۈسۈپ ئىلىياس، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997-يىل 11-ئاي
5. بەدۆلەت ھەققىدە قىسسە، ئابدۇۋېلى ئېلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1997- يىل
6. باھادىرنامە، ياسىنجان سىدىق چوغلان، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ. 2010- يىلى 8- ئاي
7. چالا تەگكەن ئوق، ئابدۇللا تالىپ، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1985- يىلى 6- ئاي
8. ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە، خېۋىر تۆمۈر، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1990- يىلى
9. مەمتىلى تەۋپىق، مىرەھمەت سېيىت، يالقۇن روزى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997- يىلى
10. ئىزدىنىش، زوردۇن سابىر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1983- يىلى 7- ئاي
11. تۇندىكى چاقماق، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988- يىلى
12. سۇتۇق بۇغراخان، سەيپىدىن ئەزىزى، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987-يىل 9-ئاي
13. لېيغان بۇلاق(6 قىسىم)، جالالىدىن بەھرام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997-1999 يىللىرى
14. سۇ بويىدا، لو گۇەنجوڭ، شى نەيئەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2012- يىلى 11- ئاي
15. قىزىل راۋاقتىكى چۈش، ساۋ شۆ چىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1977- يىلى 10- ئاي
16. بالدۇر ئويغانغان ئادەم، خېۋىر تۆمۈر، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1987- يىلى

17. قاينام ئۆركىشى، ئابدۇللا تالىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2008ـ يىلى
18. ئىلى دولقۇنلىرى(2 توم)، ئابدۇراخمان قاھار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1986 1988 يىللار
19. قىسسەسۇل ئەنبىيا، نەسىردىن رابغۇزى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 1988ـ يىلى 3ـ ئاي
20. باياۋاننىڭ سىرى، ئەختەم ئۆمەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2001ـ يىلى 7ـ ئاي
21. كۈمۈش رەڭلىك قۇتا، سۇلتان ھاشىم، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2012ـ يىلى 4ـ ئاي
22. قۇم باسقان شەھەر، مەمتىمىن ھۇشۇر، شىنجاڭ ياشـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى ، 1996ـ يىلى
23. مېھراپتىن چايان، ئابدۇللا قادىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1982ـ يىلى 1ـ ئاي
24. كەچمىش، خالىدە ئىسرائىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى، قەشقەر ، ئۈرۈمچى، 2011ـ يىلى 11ـ ئاي
25. ياغاچ مېدال، چوپانى، مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ، 2001ـ يىلى 3ـ ئاي
26. ئەنجانباي، نۇر روزى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2003ـ يىلى 1ـ ئاي
27. ئۆتكەن كۈنلەر، ئابدۇللا قادىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1983ـ يىلى
28. رامزاننىڭ ئون يەتتىسى، جۇرجى زەيدان[لىۋان]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1983ـ يىلى 6ـ ئاي

**ھېكايىلەر:**

1. قوش مەسچىت، مەمتىلى زۇنۇن، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1989ـ يىلى
2. مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى، نۇر روزى
3. كەلكۈن، مەمەت باغراش
4. بەش تال ئوق، تۇردى سامساق
5. ماغدۇر كەتكەندە، زۇنۇن قادىرى
6. ئېھ توپىلىق يول، زوردۇن سابىر
7. ئېغىر كۈنلەردە، ئۆمەر مۇھەممىدى
8. چېنىقىش، زوردۇن سابىر
9. دولان ياشلىرى، زوردۇن سابىر
10. بىلەي تاش، ئەختەم ئۆمەر
11. ئاقساق بۇغا، مۇھەممەد باغراش، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي
12. بۇرۇت ماجىراسى، مەمتىمىن ھوشۇر
13. قىرلىق ئىستاكان، مەمتىمىن ھوشۇر
14. لاي سۇ ئىچكەن جانلار، ئەنۋەر مۇھەممەت
15. قىيانلىق دەريا، ئەخەت تۇردى
16. پاسىل، سەمەت دۇگايلى
17. ئوت ئىچىدە تاۋلانغان ئادەم
18. قۇرتلاپ كەتكەن كۆل، ئەختەم ئۆمەر، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 1994ـ يىلى 4ـ ئاي
19. توختى پوكان ھېكايىلىرى، غوجىئابدۇللا قاراقاش
20. مازار چاشقىنى، ئەركىنجان ئەمەت
21. بوۋا مۇرادىڭىزغا يېتىڭ!، ئەركىنجان ئەمەت
22. تۇزلۇق موما، داۋۇت مەتنىياز
23. بەش ياشلىق مەرگەن، ئابلىكىم باقى

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى:**

1. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
2. ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى، ئەخەت ھاشىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى، 1981ـ يىلى
3. ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى، مەھەممەت رەھىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى، 1979ـ يىلى
4. تەتۈر كىرپىك، ئابلىز ھېزىموف، شىنجاڭ ياشـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۈرۈمچى ، 1988ـ يىلى 3ـ ئاي
5. كەلىلە ۋە دىمنە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۈرۈمچى 2006ـ يىلى 4ـ ئاي
6. قابۇسنامە، شەمسۇلمائالى ۋەشمگىر قابۇس، ئابدۇرېشىت ئىسلام تەرجىمىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر 1983ـ يىلى
7. ھاتەم ھەققىدە قىسسە، توختى ئابىخان نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر 1982ـ يىلى 2 ئاي

8. ئوغۇزنامە داستانى، تۇرسۇن ئايۇپ، گېڭ شىمىن ، مىللەتلەر نەشرىياتى. بېيجىڭ، 1980- يىلى 11- ئاي
9. سىيىت نوچى داستانى
10. ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرى، ئۇچقۇنجان ئۆمەر تەييارلىغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 1981- 12-ئاي
11. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى توپلاپ رەتلىگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1979- يىلى 6-ئاي
12. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى، ئۇچقۇنجان ئومەر قاتارلىقلار توپلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، قەشقەر. 1983- يىلى
13. موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە، خېۋىر تومۇر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1982-يىلى
14. ھېسام چاقچاقلىرى، ماخمۇت مۇھەممەت ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى ، 1998-يىلى
15. ئەخمەتجان قۇربانىنىڭ باللار چۆچەكلىرى
16. ھەيبە بىننى يەقزان ھەققىدە قىسسە، ئىبنى تۇفايىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى ، 2001-يىلى 8- ئاي
17. گۈلىستان، شەيخ سەئىدى
18. سېغىزخان بىلەن بۆدۈنە

**ئەسلىمىلەر:**
1. شىنجاڭنىڭ 50 يىلى، بۇرھان شەھىدى، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986- يىلى 5- ئاي
2. ئۆمۈر داستانى، سەيپىدىن ئەزىزى، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ.
3. ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1986- يىلى 10- ئاي
4. شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى
5. يىراق قىرلاردىن ئانا يۇرتقا سالام، ئەختەم ئۆمەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2008- يىلى 6- ئاي
6. موسكۋا خىياللىرى، نەبىجان تۇرسۇن
7. ئەركىن سىدىق يازمىلىرى، (قوش تىل ھەققىدە يازمىلىرى)
8. مەمەت ئاۋاق ھەققىدىكى يازمىسى، ئابدۇرېشىت ئابلەتخان
9. ئامېرىكا تەسىراتلىرى، ئابدۇۋەلى ئايۇپ
10. كىم ھەققىي جالاپ؟، مۇسا جارۇللاھنىڭ قەشقەر ساياھىتى
11. ئالتە شەھەر مەكتۇپلىرى، نوشىرۋان يائۇشېۋ، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 2013- يىلى 8- ئاي
12. يولغۇن تايىقىدا قىلىنغان ئىپپەت تەربىيىسى
13. رەپقەت غازى بىلەن سۆھبەت

**ئەدەبىي خاتىرىلەر:**
1. توپان، باتۇر روزى
2. سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ئويلىساڭچۇ؟، مەمتىمىن باغراش
3. باياۋاندىكى ياۋا گۈل، مەمتىمىن باغراش
4. تەكلىماكاننىڭ يۈرىكىدىكى ئوت دەريا بويى يېزىسى ھەققىدە، ئۆمەرجان ئىمىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2006-يىلى 3- ئاي
5. غەربكە قارشى بايانات، پەرھات تۇرسۇن
6. پادىشاھنىڭ كىيىمى بارمۇ؟، ئەمىن ئوسمان
7. قىيادىكى ئۇۋچىنىڭ ئاھۇ-زارى، (ئوتتۇرا ئاسىيە شەرھى) چىڭغىز ئايتماتوۋ، مۇختار شىخانوۋ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى ، 2004-يىلى 12- ئاي
8. ئانا دەرياىى ئىزدەپ، خالىدە ئىسرائىل، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2009-يىلى 12- يىلى
9. ئۆزلۈك ۋە كىملىك، ئەسەت سۇلايمان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2006-يىلى 7- ئاي
10. ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا، يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 1991- يىلى

**ئىلمىي ئەسەرلەر:**
1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى، خەمىت تۆمۈر، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ 1987- يىلى 6- ئاي
2. ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997-يىلى 8- ئاي
3. ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار( 1949 - يىلغا قەدەر)، ئابدۇللا تالىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1986- يىلى 12-يىلى

4. كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېزىسلىرى، ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن، 1982- يىلى
5. قەشقەرىيە، ئا.ن.كىروپاتكىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1984-يىلى 3- ئاي
6. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئەسلى تېكىستى ۋە يېشمى، ئابدۇرەئوپ پولات
7. تارىخى ھەمىدى، موللا مۇسا سايرامى، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986-يىلى 12- ئاي
8. تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ، ئەسئەت سۇلايمان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2000-يىلى 7-ئاي
9. ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى، ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1993-يىلى 4- ئاي
10. ئىنسانلارنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى، ئابباس بۇرھان، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1994-يىلى 1-ئاي
11. جاللات شىلڭ شىبسەي
12. قاچقۇن ماجۇڭيىڭ، سۋېن ھېدىن[شۋېتسىيە]، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر، 1989-يىلى 3- ئاي
13. دىيارىمىزدىن تېپىلغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە، ئابدۇقېيۇم خوجا، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2009-يىلى 5-ئايدا
14. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تېزىسلىرى، ھېرمان ۋامبېرى
15. قەشقەرگە قايتا سەپەر، گۇننار يارىڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2014-يىلى 3-ئاي
16. تاڭ شېئىرلىرىدىن 300 پارچە، ياسىن ھاۋازى، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2005-يىلى 12- ئاي
17. ئۇيغۇر يىلنامىسى، مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى نەشرى، لوندون، 2017- يىلى 2- ئاي

## شېئىري ئەسەرلەر:

1. نەزەر مۇپتىغا خەت ئات ھەققىدە، ئەخمەتشاھ قارقاشى
2. ئىز، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
3. ئانا رىۋايىتى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
4. ئانا، بۇغدا ئابدۇللا
5. تۆگمەس ناخشا، تېيىپجان ئېلىيوپ
6. يىللارغا جاۋاپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ
7. سەككىز سۈرىتىم، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم
8. دېھقان بولماق تەس، روزى سايىت
9. ھەيكەل، ئابدۇكېرىم خوجا
10. سۇنۇق قىلىچ، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا
11. ئويغان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
12. قەشقەردىكى يەرشارى، ئادىل تۇنىياز
13. ئۇيغۇرۇم (باردۇر)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
14. كاشغەر، گۇمنام
15. ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق، ئېلىيار بەختىيار
16. ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ، ئوسمانجان ساۋۇت
17. رەسسام، غەيرەت ئابىت غەرقى
18. ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى، تېيىپجان ئېلىيوف
19. شۈكۈر دېدىم، ئابلەت ئىسمايىل
20. سۇلايمان گۇۋاھ، تاھىر تالىپ

## پايدىلانمىلار

**دىققەت:** پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتۈش ھەقىقەتەن مۈشكۈل. تىلغا ئېلىنغان ۋە كۆزدىن كۆچۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ تىزىملىكى «ئۇيغۇر يىلنامىسى»نىڭ 550-560-بەتلىرىدىكى «كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى» ۋە ئۇشبۇ كىتابنىڭ 721-807- بەتلىرىدىكى «ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان قىسمەن كىتابلار» سەرلەۋھەسى ئاستىدىكى كىتابلار ۋە ئۇنىڭدا باشقا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان كىتاب، ژورناللاردىكى ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي مۇھاكىمە ئەسەرلەر، رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەسلىمە، زىيارەت خاتىرىسى قاتارلىق ھەر خىل ژانىردىكى مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان ئەسەرلەردىن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك پايدىلىنىلغان بولۇپ، بۇ كىتابلارنى بۇ يەردە بىرمۇ بىر تىزىملاپ كىتابخانلارغا سۇنۇشنى لايىق كۆرمىدۇق، شۇنداقتىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كېيىنكى پايدىلىنىشى ۋە ئىزدىنىشى ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارىغان بىر قىسىم كېرەكلىك پايدىلانمىلارنى سۇندۇق:

- ئابدۇكېرىم راخمان، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1990- يىلى
- ئابدۇراخمان باقى، «ئۇيغۇر كىتابچىلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن 100 نادىر كىتاب» ، ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 2006-يىللىق 6-سان

ۋە 2007-يىللىق 1-2-3-سانلار

- ئابدۇرېشت سۇلايمان، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى 100 مەشھۇر شېئىر» 2008- يىلى
- ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ئومۇمى بايان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1997- يىلى 8- ئاي
- ئابدۇللا تالىپ، «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1986- يىلى 12- ئاي
- تېيىپجان ئېلىيوف ۋە رەھمەتۇللاھ جارىي «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1981- يىلى
- غەيرەتجان ئوسمان، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 2001- يىلى
- «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987- يىلى
- مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا «ئۇيغۇر يىلنامىسى» ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى نەشرى، لوندون، 2017- يىلى 2- ئاي
- يۇقىرىقى كىتاب، 550-560-بەتلىرىدىكى «كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى»
- يۇقىرىقى كىتاب، 721-807- بەتلىرىدىكى «ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان قىسمەن كىتابلار»
- مىر ئەزىم، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988- يىلى
- مېھرىگۈل خۇدابەردى تەھرىرلىگەن «20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى 100 مەشھۇر ئەسەر» جۇڭگو ئۇيغۇرچە رادىيو تورى يوللانغان ۋاقىت:2012-يىلى 8-ئاينىڭ 3- كۈنى سانى
- ھەبىبۇللا سېيىت باھاۋۇدۇن، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەشىر قىلىنغان رومانلار» ، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» ، ئەسلى مەنبە : يازغۇچىلار مۇنبىرى
- ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن، «كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ، 1982 - يىلى

## يۇمۇرلار

## تەبرىك خەت

بىر ئانا ئوغلىغا مۇنداق تەبرىك خەت يېزىپتۇ:
«سۆيۈملۈك ئوغلۇم، داداڭ ئىككىمىز خېتىڭنى كۆرۈپ بەكمۇ خوش بولدۇق ۋە بەخت ھېس قىلدۇق. بىز سېنىڭ توي مۇراسىمىڭنى كۆرۈشكە بەكمۇ تەقەززا بولدۇق...» ئوغلى بۇ خەتنى كۆرۈۋېتىپ، قەغەزنىڭ ئارقىسىدىكى باشقا قەلەم بىلەن يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ قالدى:« ئاپاڭ ماركا ئىزدەشكە چىقىپ كەتتى،... بۇنداق ئەخمەقلىق قىلما،بويتاق يۈرۈۋەر...»

## باشقا مەقسەت

تاماق ۋاقتىدا ئايالى :
— سىز ھازىر بىلىقنىڭ ياخشى يەرلىرىنى يەيدىغان بولۇۋالدىڭىز؟توي قىلىشتىن ئىلگىرى بېلىقنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى يەيتىڭىزغۇ؟— دەپتۇ.
— ئەھۋال ئوخشىمايدۇ-دە،— دەپتۇ ئېرى،— ھازىر مېنىڭ مەقسىتىم بېلىق يېيىش، ئۇ چاغدىكى مەقسىتىم بېلىق تۇتۇش ئىدى.

# «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى تېكستى بىلەن ھازىرقى زامان تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

*مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا تەييارلىغان*

II
Yalawaç ‘aleyhi’s–selâm ögdisin ayur
II. PEYGAMBER ALEYHİ'S–SELÂMIN MEDHİNİ SÖYLER

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى بايانىدا

Metin: 0034. Sewüg sawçı ıdtı bağırsak idi
Bodunda talusı kişide kedi
Çağdaş Türkçe: 34 Esirgeyen rabbim halkın en seçkini ve insanların en iyisi olan sevgili Peygamberi gönderdi.

0034. ئەۋەتتى رەسۇلنى رەھىملىك ئىگەم،
كىشى ياخشىسى، تاللىغىنى ھەم.

Metin: 0035. Yula erdi halkka karañku tüni
Yarukluku yadtı yaruttı séni
Çağdaş Türkçe: 35 O karanlık gecede halka meş'ale idi ; etrafa ışık saçtı ve seni aydınlattı.

0035: چىراغ ئىدى خەلققە قاراڭغۇ تۈنى،
يورۇقلۇقنى چاچتى، يورۇتتى سېنى.

Metin: 0036. Okıçı ol erdi bayattın saña
Sen ötrü köni yolka kirdiñ toña
Çağdaş Türkçe: 36 O sana Tanrı tarafından gönderilen dâvetçi idi; sen bu sayede doğru yola girdin, ey yiğit.

0036: خۇدادىن دەۋەتچى ئىدى ئۇ ساڭا ،
يىگىت، توغرا بىر يولنى تاپتىڭ، شۇڭا.

Metin: 0037. Atasın anasın yuluğ kıldı ol
Tilek ümmet erdi ayu bérdi yol
Çağdaş Türkçe: 37 Atasını ve anasını feda etti ; tek dileği ümmeti idi, ona yol gösterdi.

0037: ئاتاسىن، ئاناسىن پىدا قىلدى ئول،
تىلەك ئۈممەت ئەردى، بايان قىلدى يول.

Metin: 0038. Künün yémedi kör tünün yatmadı
Séni koldı rabda adın kolmadı

Çağdaş Türkçe: 38  Gündüz yemedi, gece yatmadı; Tanrıdan seni istedi, başka bir şey istemedi.

0038: كېچە ئۇخلىماستىن ۋە كۈندۈزى يېمەي،
سېنى سورىدى ھەقتىن، بۆلەكنى دېمەي.

Metin: 0039. Séni koldı tün kün bu emgek bile
Anı ög sen emdi sewinçin tile
Çağdaş Türkçe: 39  Bunca zahmet ile gece–gündüz hep seni üstedi ; şimdi sen onu öğ ve rızasını dile.

0039: تىلەدى سېنى كۈن - تۈن ئەمگەك بىلە،
ئۇنى ماختا ئەمدى، رىزاسىن تىلە.

Metin: 0040. Kamuğ kadğusı erdi ümmet üçün
Kutulmak tiler erdi râhat üçün
Çağdaş Türkçe: 40  Bütün kaygusu ümmeti idi ; rahat etmek için, onun azaptan kurtulmasını dilerdi.

0040: پۈتۈن قايغۇسى ئەردى ئۈممەت ئۈچۈن،
قۇتقۇزماق تىلەر ئەردى راھەت ئۈچۈن.

Metin: 0041. Atada anada bağırsak bolup
Tiler erdi tutçı bayattın kolup
Çağdaş Türkçe: 41  Atadan ve anadan daha merhametli idi ; Tanrıdan dâima bunu niyaz eder, bunu dilerdi.

0041: ئاتادىن، ئانادىن بولۇپ مېھرىۋان،
تىلەيتتى خۇدادىن شۇنى ھەر زامان.

Metin: 0042. Bayat rahmeti erdi halkı öze
Kılınçı silig erdi kılkı tüze
Çağdaş Türkçe: 42  O ümmeti üzerine Tanrının bir rahmeti idi ; güzel tavırlı, dürüst ve kendisine güvenilir bir tabiatte idi.

0042: خەلققە ئىدى ئۇ خۇدا رەھمىتى،
قىلىقى سىلىقتۇر، تۈزلۈك خىسلىتى.

Metin: 0043. Tüzün erdi alçak kılınçı silig
Uwutluğ bağırsak akı kéñ elig
Çağdaş Türkçe: 43  Asîl tabiatli, alçak gönüllü ve güzel tavırlı idi ; haya sahibi, şefkatli, cömert ve eli açık idi.

0043: ئىدى ئۇ مۇلايىم، قىلىقى سىلىق،
ھايالىق، قولى كەڭ، سېخى رەھىمدىل.

Metin: 0044. Yağız yér yaşıl kökte erdi küsüş
Añar bérdi teñri ağırlık üküş
Çağdaş Türkçe: 44  Kara yerde de aziz idi, mâvî gökte de ; Tanrı ona çok değer vermişti.

0044: قوڭۇر يەر، يېشىل كۆكتە ئەردى ئەزىز،
ئاڭا بەردى تەڭرى قىممەت ئېيتقۇسىز.

Metin: 0045. Başı erdi öñdün kamuğ başçıka
Kédin boldı tamğa kamuğ sawçıka
Çağdaş Türkçe: 45  O bütün rehberlerin önünde baş idi ; sonra da bütün

resullerin hâtemi oldu.

0045: بۇرۇندىن ئىدى باش پۇتۇن باشچىغا،
كېيىن بولدى تامغا پۇتۇن ساۋچىغا[20].

Metin: 0046. Köñül badım emdi anıñ yolıña
Sewip sözi tuttum bütüp kavlıña
Çağdaş Türkçe: 46 Onun yoluna şimdi gönül bağladım ; bütün dediklerine inandım ve severek sözünü tuttum.

0046: ئۇنىڭ مەن يولىغا كۆڭۈل باغلىدىم،
ئىشەندىم، سۆيۈپ ھەم سۆزىن ئاڭلىدىم.

Metin: 0047. Ilâhî küdezgil meniñ köñlümi
Sewüg sawçı birle kopur kopğumı
Çağdaş Türkçe: 47 Ey Tanrım, benim gönlümü gözet ; kıyamette beni sevgili Peygamber ile birlikte hasret.

0047: ئىلاھا، كۆزەتكىن بۇ كۆڭلۈمنى سەن،
قوپاردا رەسۇللە قوپار مېنى تەڭ.

Metin: 0048. Kıyâmette körkit tolun teg yüzin
Elig tuttaçı kıl ilâhî özin
Çağdaş Türkçe: 48 Kıyamette dolun ay gibi yüzünü göster; ey Tanrım, kendisini bana şefaatçi kıl.

0048: قىيامەتتە كۆرسەت تولۇندەك يۈزىن،
قولۇم تۇتقۇچى قىل ئىلاھا ئۆزىن.

II

Yalawaç ‘aleyhi’s–selâm ögdisin ayur

II. PEYGAMBER ALEYHİ'S–SELÂMIN MEDHİNİ SÖYLER

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى بايانىدا

Metin: 0049. Anıñ tört éşi ol awıñu körüp
Kéñeşçi bular erdi birle turup
Çağdaş Türkçe: 49 Bunlar onun sevdiği dört arkadaşı idi; yanındaki müşavirleri bunlar idi.

49 ئۇنىڭ تۆت ھەمرىيى سۆيۈنچى ئىدى،
ھەر ئىشتا بىللە ھەم كېڭەشچى ئىدى.

Metin: 0050. Iki kadın erdi küdegü iki
Bular erdi üdrüm bodunda yégi
Çağdaş Türkçe: 50 ikisi kayın–babası, ikisi damadı idi, bunlar halkın en iyisi ve en seçkini idiler.

50 قېيناتا ئىككىسى، كۈيئوغۇل ئىككىسى،
تاللانغان كىشىلەر ئىدى تۆتىسى.

Metin: 0051. ‘atîk erdi aşnu kamuğda oza
Bayatka bütügli köñül til tüze

Çağdaş Türkçe: 51 Başta, her keşten önce, Tanrıya inanmış, gönülü ve dili dürüsẗ (sıddîk) olan Ebû Bekir gelir.

0051: جىمىدىن ئەبۇبەكىر ئىدى ئەۋۋىلى،
خۇداغا ئىشەنگەن تىلى ۋە دىلى.

Metin: 0052. Yuluğ kıldı mâlı teni cânını
Yalawaç sewinçi tiledi köni
Çağdaş Türkçe: 52 Malını, tenini ve canını feda etti ; dileği ancak Peygamberin rızası idi.

0052: پىدا قىلدى مالى، تېنى - جانىنى،
رەسۇلنىڭ رىزاسى ئىدى كۈتكىنى.

Metin: 0053. Basa fârûk erdi kişi üdrümi
Tili köñli bir teg bodun ködrümi
Çağdaş Türkçe: 53 Sonra insanların seçkini, halk içinde mümtazı, dili ve gönülü bir olan Ömer vardı.

0052: كېيىن پارۇق[21] ئەردى كىشىلەر خىلى،
تىلى ۋە دىلى بىر، خەلق ئېسىلى.

Metin: 0054. Bu erdi basutçı köni dînka kök
Şerî'at yüzindin kiterdi eşük
Çağdaş Türkçe: 54 Yardımcısı ve doğru dinin temeli o idi ; şeriatin yüzünden perdeyi o kaldırdı.

0054: ئىدى ئۇ ياردەمچى ۋە ھەق دىنغا ئۇ،
كۆتۈردى توساقنى شەربەتتىن ئۇل[22].

Metin: 0055. Basa 'usmân erdi uwutluğ silig
Kişide üdürmiş akı kéñ elig
Çağdaş Türkçe: 55 Sonra haya sahibi, yumuşak huylu, insanların seçkini, cömert ve eli açık olan Osman idi.

0055: ئوسماندۇر مۇلايىم، ئۇياتچان تېخى،
كىشىلەر خىلى ھەم قولى كەڭ سېخى.

Metin: 0056. Fidâ kıldı barın neñin hem özin
Yalawaç añar bérdi iki kızın
Çağdaş Türkçe: 56 O bütün malını ve kendisini feda etti; Peygamber de ona iki kızını verdi.

0056: پىدا قىلدى بارچە ھەم ئۆزىنى،
رەسۇل بەردى ئاڭا ئىككى قىزىنى.

Metin: 0057. 'Alî erdi munda basakı talu
Kür ersig yüreklig meñesi tolu
Çağdaş Türkçe: 57 Ondan sonra seçkin, cesur; yiğit, kahraman ve akıllı Ali vardı.

0057: سوڭ ئاندىن، سەرە - خىل مەردان ئېلىدۇر،
ئەقىللىق يىگىت ئەر، يۈرەكلىك جەسۇر.

Metin: 0058. Akı erdi elgi yüreki tedük
Biliglig sakınuk kör atı bedük
Çağdaş Türkçe: 58 Eli cömert idi, yüreği sâf idi ; bilgili, takva sahibi ve adı

büyük bir zât idi.

0058: ئوچۇق قول ئىدى ئۇ، يۈرەگى سۆزۈك،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېتىدۇر بۆيۈك.

Metin: 0059. Bular erdi dîn hem şerî‘at köki
Bular yüdti kâfir munâfık yüki
Çağdaş Türkçe: 59 Bunlar din ve şeriatin temeli idi ; bunlar kâfirler ile münafıklardan gelen eziyetlere katlandılar.

0059: ئۇلار ئىدى دىن ھەم شەربەت كۆكى[23]،
كۆتۈردى مۇناپىق ۋە دىنسىز يۈكى.

Metin: 0060. Bu tört éş maña tört tadu teg–turur
Tüzülse tadu çın tiriglik bolur
Çağdaş Türkçe: 60 Bu dört sahibe benim için dört unsur gibidir ; unsurlar denkleşirse, gerçek hayat vücûda gelir.

0061: بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇدەك[24] ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

Metin: 0061. Meniñdin bularka üküş miñ selâm
Tegürgil idim sen kesüksüz ulam
Çağdaş Türkçe: 61 Ey rabbim, sen bunlara benden sonsuz selâmları, devamlı olarak, ulaştır.

0061: مېنىڭدىن ئۇلارغا تۈمەن مىڭ سالام،
يەتكۈزگىن ئىگەم سەن ئۈزۈكسىز داۋام.

Metin: 0062. Olarnı meniñdin sewindür tuçı
Uluğ künde kılğıl elig tuttaçı
Çağdaş Türkçe: 62 Onları dâima benden râzi et ; ulu günde onları bana şefaatçi kıl.

0062: سۆيۈندۈر مېنىڭدىن ھامان كۆڭلىنى،
قولۇم تۇتقۇچى قىل قىيامەت كۈنى

**ئىزاھاتلار:**

تۆۋەندە بېرىلگەن ئىزاھاتلار «قۇتادغۇ بىلىك» 1984- يىلى 1-نەشرىدىكى ئۇيغۇرچە ئىزاھلارنى ۋە تەرتىۋنى ئاساس قىلدى.

[20] ساۋچى- (قەدىمي ئۇيغۇرچە ) ئەلچى، پەيغەمبەر.

[21] پارۇق- (ئەرەبچە) ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىشتا بەك ماھىر ، ئادىل دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۆمەرگە بېرىلگەن لەقەم ئىدى.

[23] پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىنى خەلققە چۈشەندۈردى، دېمەكچى.

[24] تۆت تادۇ- (قەدىمي ئۇيغۇرچە ) ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زامان ياكى ماددا.

# ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى*

چۆچەك

*ئە .ئا .مەنزىل (تەييارلىغان)*

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ھېكىماخۇن دېگەن بىر ھۈنەرۋەن ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەمنىڭ بىلمەيدىغان ھۈنىرى،ئوقۇمىغان كىتابى يوق ئىكەن،ئۆزى ھەر تەرەپتىن ھېكمەتلىك ئىكەن،شۇڭا بۇ ئادەمنى خەلق ھېكمەتلىك ھېكىماخۇن دەپ ئاتايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئادەم ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـ بالىلىرىم، يېشىم بىر يەرگە يەتتى، ئۆمرۈم ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتتى. خام ھېساب قىلغىنىمدا يەتمىش يەتتە تۈرلۈك ھۈنەر بىلىدىكەنمەن، شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ بىلىدىغىنىم دۇنيادىكى ھۈنەرنىڭ مىڭدىن بىرىچىلىكمۇ ئەمەس. ئادەم بالىسىغا يەتمىش مىڭ ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ، ھۈنەرسىز ئادەم مېۋىسىز دەرەخ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سىلەرگە ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي، ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە ئەسقېتىپ قالار.

ـ ئاتا، مەن رەسساملىق بىلەن نەققاشلىقنى ئۆگىنەي،ــ دەپتۇ چوڭ ئوغلى.

ـ مەن نەغمە ئۆگىنەي،ــ دەپتۇ ئوتتۇرانچى ئوغلى.كىچىك ئوغلى بولسا:

ـ ئاتا مەن لەقەنباز بولاي،ــ دەپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ ئوغلى ئىنىسىغا:

ـ ئىنىم، سەن لەقەنبازلىقنى ئۆگەنمەي، باشقا ھۈنەر ئۆگەن،ئۇ ياخشى ھۈنەر ئەمەس،ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسى:

ـ بالىلىرىم، ھۈنەرنىڭ ياخشى يامىنى يوق،پەقەت ھەر كىشى تالالاپ ياقتۇرغان ھۈنىرىنى ئۆگىنىش لازىم. ھەر كىم ئۆزى خالىغان ھۈنەرنىلا ياخشى ئۆگىنىپ چىقالايدۇ،شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىۋەرسۇن،ــ دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ھېكىماخۇن بالىلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ،يىللار ئۆتۈپتۇ،ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بالىلىرى ئۆزى خالىغان ھۈنىرىنى كامىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاتىسى:

ـ بالىلىرىم، ئەمدى بىرىڭلارنىڭ ھۈنىرىنى بىرىڭلار ئۆگىنىشكە بېرىلىڭلار،ــ دەپتۇ.

بالىلىرى ئارىدىن بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، بىرىنىڭ ھۈنىرىنى بىرى ئۆگىنىپ، ھەر بىرى ئۈچتىن ھۈنەرگە مۇكەممەل بوپتۇ. بالىلىرىنىڭ ئالدى ئون سەككىز ياشقا كىرىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى چىداملىق، پاكىز، ئەقىللىق ھۈنەرۋەنلەردىن بوپتۇ. بۇلارنىڭ ياسىغانلىرى، ئىشلىگەن ئىشلىرى خەلقئالەمنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، مەن ـ مەن دېگەن ھۈنەرۋەنلەرمۇ بۇلارغا باش ئېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكىماخۇننىڭ داڭقى دۇنياغا تارىلىپتۇ. ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن مۆتىۋەرلەر ھېكىماخۇننى زىيارەت قىلماي، ئۇنىڭ مەخسۇس سارىيىدىكى ھېكمەتلەرنى، نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆرمەي تۇرۇپ كەتمەيدىغان بوپتۇ، ھەتتا پادىشاھلارمۇ زىيارەت قىلىپ كېلىپ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىلىپ كېتىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باشقا بىر شەھەردىن ئون ئىككى مىڭ سودىگەر سودا ئىشلىرى بىلەن كېلىپ ھېكىماخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ،مەخسۇس مېھمانخانىدا زىياپەتتە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن ئۇلار ھېكىماخۇننىڭ ھېكمەتلىرىنى كۆرۈپتۇ، ئاندىن مېھمانلار قايتار ئالدىدا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىپتۇ. شۇ ئارىدا بىرى ھېچ نەرسە سوۋغات قىلالماي، بىر قويىنىغا بىر ھېكىماخۇنغا قاراپ تۇرغۇدەك. بۇنى سەزگەن ھېكىماخۇن،توختا، بۇنىڭدا بىر سىر بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىپ،ھېلىقى كىشىنى ئەپقاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

ـ سىز بىر نەرسە ئېلىپ كەلمەپتىمەن دەپ خىجالەتتە قالدىڭىزمۇ نىمە؟ ـ دەپ كۆڭۈل سوراپتۇ ھېكىماخۇن.

ـ يوقسۇ تەقسىر،مەن تېخى سىزنىڭ داڭقىڭىزنى ئاڭلاپ،ياش كىشى چېغى دەپ بىر قىزىل تون ئېلىپ كەلگەنىدىم، قارىسام، سىز مەن ئويلىغاندەك چىقمىدىڭىز، ئۆزىمىزنىڭ ئاتىسىدەك ئادەم ئىكەنسىز، شۇڭا ئېلىپ كەلگەن نەرسەم لايىق كەلمىگەندىن كېيىن، تەقدىم قىلسام بولارمۇ،بولماسمۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم،ــ دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

---

* ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى 2006 ـ يىلى نەشرىدىن ئېلىندى

ـ قېنى،كۆرستىڭ، ــ دەپتۇ ھېكىماخون.

ھېلىقى سودىگەر قويىنىدىن تونىنى ئاپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھېكىماخون رەختىنىڭ ئېسىللىقىغا،تىكىلىشىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قاپتۇ.

ـ مۇشۇنىڭغا خىجالەت بولدىڭىزمۇ؟ـ دەپتۇ ھېكىماخۇن.

ـ يوقسۇ تەقسىر، ــ دەپتۇ ھېلىقى سودىگەر تونىنىڭ يانچۇقىدىن بىر قىزنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ. ھېكىماخۇن بۇ سۈرەتنى كۆرۈپلا:

ـ ئوغلۇم، بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ بىزنىڭ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى سودىگەر.

ـ ھە، ھە، ــ دەپتۇ ھېكىماخون، ــ ئادەمزات ئىچىدە مۇنداق ساھىبجامال بالىنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئاپىرىن! رەھمەت ئوغلۇم، دۇنيايىڭىز زىيادە بولسۇن، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن!ـ دەپ دۇئا قىلىپ قاپتۇ...

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى چوڭ ئوغلى بىر ئىش بىلەن ئامبارغا كىرىپ ھېلىقى قىزىل تونىنى كۆرۈپ قاپتۇ، تونىنى قولىغا ئېلىپ ھەيران بوپتۇ. ئۇنى بىر قېقىۋېتەي دەپ شۇنداقلا سىلكىشىگە،يانچۇقىدىن ھېلىقى قىزنىڭ سۈرىتى يەرگە چۈشۈپتۇ، ئوغۇل شۇ ھامان ئۇ قىزغا ئاشىق بوپتۇ. سۈرەتنى يانچۇقىغا سېلىپ ئامباردىن يېنىپ چىقىپتۇ ـ دە، شۇ كۈندىن باشلاپ سامانـدەك سارغىيىشقا باشلاپتۇ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەپتۇ، ئولتۇرغان يېرىدە خىيال سۈرۈپ، يۈرىكى ئوت بولۇپ، ھەسرەت ئىچىدە قاپتۇ....

ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ھېكىماخۇن خوتۇنىنى چاقىرىپ:

ـ خوتۇن، ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئالدى چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپ خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى، بەلكىم ئۆيلەنگۈسى كېلىپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، ھېلىقى سودىگەر سوۋغات قىلغان تونىنىڭ يانچۇقىدىكى پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتسەك قانداق دەيسەن؟ـ دەپتۇ.

ـ بېرەرمۇ؟ يا:«سەن گادايلار مېنىڭ قىزىمغا ئەلچى ئەۋەتىشكە قانداق پېتىندىڭ!» دەپ بىرەر خېيىمخەتەر يەتكۈزۈپ قويارمۇ؟ـ دەپتۇ خوتۇنى.

ـ ئۇنىمايدىغان نېمە گەپ بار دەيسەن، قىز بالا دېگەن بەربىر ئەرگە ياتلىق بولىدۇ، ــ دەپتۇ ھېكىماخون. شۇنىڭ بىلەن ئەر ـ خوتۇن بىر پىكىرگە كېلىپ، ياخشى بىر ئادەمنى ئەلچى قىلىپ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمەك بوپتۇ.

ئەلچىمۇ تېپىلىپتۇ،مەسلىھەتمۇ پىشىپتۇ. ئەلچى يولغا چىقار ئالدىدا:

ـ مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ چىقىڭلار،مەن كۆرۈپ باقاي، ــ دەپتۇ.

ئاتىسى دەررۇ ئامبارغا كىرىپ قارىسا، سۈرەت يوق، ئۇلار شۇ چاغدىلا ئوغلىنىڭ قىزغا ئاشىق بولۇپ، مەلىكىنىڭ ئىشىق ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپتۇ.

ئەلچى ئۈچ ئاي دېگەندە ھېلىقى شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. لېكىن، پادىشاھ ئۇلارنى گادايدىن گادايغا سېلىپ تىللاپ، ئوردىدىن قوغلىۋېتىپتۇ، ھەتتا ئۇلارنى زىندانغا سالماقچىكەن، باشقا ئەلدىن كەلگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، رەھىم قىپتۇ. ئەلچىلەر ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.

ھېكىماخۇننىڭ چوڭ ئوغلى ئەھۋالنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپتۇ، يۈرىكىدىكى مەلىكىنىڭ ئوتى لاۋۇلداپ يېنىپتۇ، ئۇ ھېچ چىداشقا تاقەت قىلالماپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۇ ئىككى ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ،ئاتا ـ ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىپ، ئەسۋاب ـ جابدۇقلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ ئاي يول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى شام ۋاقتىدا قىزنىڭ شەھىرىگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ، بىر چايخانىغا چۈشۈپتۇ. بۇ كېچىسى ئۈچەيلەن ئۇخلىماي، ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن يولۇچىلار بىلەن سۆھبەتتە بوپتۇ. ئاندىن پادىشاھلارنىڭ ئادالەتلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ:

ـ باللىرىم، مېنىڭ يېشىم يۈز ئەللىككە يەتتى، تىرىكچىلىك ئىزدەپ بارمىغان يېرىم، تۇرمىغان شەھىرىم قالمىدى. قايسى شەھەرگە باراي، بىر چىشلەم نانغا زار، بىر پارچە لاتىغا خار بولۇپ ئۆتتۈم. ئاڭلىشىمچە، مۇشۇ شەھەردىن قوغلىۋېتىلگەن ئادەملەردىن يەتتە مىڭ كىشى ئالدىمىزدا تۇرغان تاغنىڭ ئىچىدە ئاچ ـ يالىڭاچ، ئازابتا ئىكەن.... ئۇلارنىڭ نېمە كۈن كۆرۈۋاتقىنىنى كىم بىلسۇن، خۇدا ئۆزەڭگە ئامانەت....ـ دەپتۇ.

ئەتىسى ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، چۈش مەزگىلىدە پادىشاھنىڭ ئوردىسى يېنىدىكى بىر كىشىنىڭ سارىيىغا چۈشۈپتۇ. سارايىنىڭ ئايرىم بىر تەرىپىدىن تۆت ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ ئۆيدە تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى بازاردىن بوياق، قەغەز سېتىۋېلىپ گۈل ياساپتۇ. بۇ گۈلنى سېتىپ كېلىش ئۈچۈن سارايۋەنگە تاپشۇرغاندا، ئۇ بۇ گۈلنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قېلىپ:

ـ باللىرىم، بۇنى قانچىگە سېتىپ كەلسەم بولىدۇ؟ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ بۇ گۈلنى ئون تىللاغا سېتىڭ ،ئەگەر ئارتۇق

ساتسىڭىز، ئارتۇقىنى ئۆزىڭىز ئېلىڭ،— دەپتۇ.

سارايۋەن ئۇنى بازارغا شۇنداق ئەكىرىشى بىلەن كىشىلەر ھەر تەرەپتىن: «مەن ئالىمەن،مەن ئالىمەن» دېيىشىپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە سارايۋەن ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىپ ئون بەش تىللاغا سېتىپ، ئون تىللانى ئۈچ ئوغۇلغا ئايرىپ بېرىپتۇ.

- ئوغۇللىرىم، بۇ ھۈنەرلىرىڭلارغا خەلقئالەم ھەيران قالدى، ياساپ بەرگەن گۈللەر تالالاشتا قالدى، سىلەر ئېغىر كۆرمىسەڭلار، ماڭا كۆپرەك ياساپ بېرىڭلار،— دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر تۈرلۈك مەنزىرىلەرنى، جەڭلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى، ئويۇن - تاماشىلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىپ سارايۋەنگە بېرىپ تۇرۇپتۇ. سارايۋەن ھەش - پەش دېگۈچە سېتىپ،ئاقچىسىنى باللارغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بازاردا كېتىۋېتىپ، سارايۋەننىڭ قولىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، دېگىنىگە سېتىۋېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭمۇ سۈرەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ، شۇ زامان ۋەزىردىن سورىۋاپتۇ- دە، ئۆيىگە كېلىپ:

- قىزىم، سېنىڭ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن نەرسىلىرىڭدىن بىرنى تېپىپ كەلدىم،— دەپ ھېلىقى رەسىمنى ئېچىپتۇ.

- پاھ،نېمىدېگەن ياخشى سۈرەت! بۇنى قەيەردىن ئالدىڭىز؟بۇنى سىزغان كىم ئىكەن؟- دەپ سوراپتۇ قىز.

- ۋەزىر بازاردىن ئېلىپ كەلگەنىكەن، ساڭا دەپ سوراپ ئېلىۋالدىم، بىراق كىمنىڭ سىزغانلىقىنى سورىماپتىمەن،— دەپتۇ پادىشاھ.

- ۋۇي، ۋەزىرنى چاقىرتساق، شۇ كىشىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ يەنە كۆپ رەسىملەرنى سىزدۇرساق،— دەپتۇ مەلىكە. پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرتىپتۇ.

-بۇنى كىمدىن ئالغانىدىڭىز؟- دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

- بىر سارايۋەندىن ئېلىۋېدىم،— دەپتۇ ۋەزىر.

- سارايۋەننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟- دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ قىزى.

- بىلمەن ئەگەر لازىم بولسا،ھازىر چاقىرىمىز،— دەپتۇ ۋەزىر.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سارايۋەن قىزنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. مەلىكە سارايۋەندىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۈچ ئاكا - ئۇكىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. سارايۋەننىڭ پۇت- قولى يەرگە تەگمەي بېرىپ ھېلىقى باللارغا مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپتۇ. «ھە، ئەمدى قولغا چۈشۈردۇق» دەپتۇ ئۇلار.

ئەتىسى چوڭقى راسا ياسىنىپ مەلىكىنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. ئۇنى دەرۋازا ئالدىدا كېنىزەكلەر كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىر چاغدا چوڭ ئوغۇل شۇنداق كېلىشىگە كېنىزەكلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، توپتوغرا مەلىكىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. مەلىكە ئوغۇلنى كۆرۈپ ئاشىق بوپتۇ، ئوڭ يېقىدىن ئورۇن بېرىپتۇ، ئۇنىڭ جامالىغا قاراپلا قاپتۇ. كېنىزەكلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ كۆز ئۈزەلمەي، چۆرىسىدىن كېتەلمەي قاپتۇ.مەلىكە:

-سىز كىم بولىسىز؟-دەپ سوراپتۇ.

- ھۈنەرۋەن بولىمەن،— دەپتۇ يىگىت.

- قانداق ھۈنەرلەرنى بىلىسىز؟-دەپتۇ مەلىكە.

- يەتمىش ئىككى تۈرلۈك گۈل، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك نەقىش، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ساز ۋە يەتمىش ئىككى تۈرلۈك يەر قېزىش ھۈنىرىنى بىلىمەن،— دەپتۇ يىگىت.

- ئۇنداق بولسا، ماڭا كوھقاپنىڭ سۈرىتىنى يىگىرمە تۈرلۈك گۈل بىلەن سىزىپ بېرەلەمسىز؟- دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

- سىز ئۈچۈن جېنىمنىڭ بارىچە ئىشلەپ كۆرەي،— دەپتۇ يىگىت.

يىگىت كېلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ يىگىت كېچە-كۈندۈز ئۇيقۇدىن بىدار بوپتۇ. ئون كۈن توشقۇچە مەلىكىنىڭ كۆزى يىگىتنىڭ يولىغا بەند بوپتۇ.

ئون كۈنمۇ توشۇپتۇ. شۇ كۈنى مەلىكە كېچىچە كېنىزەكلىرى بىلەن يىگىتنىڭ كېلىشىگە تەييارلىق قىلىپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ، مەلىكىنىڭ كۆزى راۋاقتىن يولغا تىكىلىپ تۇرغاندا، يىگىت ئىككى ئىنىسى بىلەن سارايۋەننى ئەگەشتۈرۈپ، سىزغان رەسىم ۋە گۈللىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ئۇلارنى راۋاقتىن چۈشۈپ خوشال قارشى ئاپتۇ، مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيگە باشلاپتۇ. ئالدى بىلەن ئۇلار چايغا ئولتۇرۇپتۇ، چايدىن كېيىن، ئۇلار سىزىپ كەلگەن گۈللەرنى قاتىرىسىغا تىزىپ قىزلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە ۋە كېنىزەكلەر ھەيران بوپتۇ. كېنىزەكلەر:«مۇنۇ مېنىڭ، مۇنۇ مېنىڭ» دېيىشىپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى جىلۋە قىلىپ، يىگىتلەردىن زادىلا كۆز ئۈزەلمەپتۇ.

بىر چاغدا يىگىتلەرنىڭ ئاكىسى كوھقاپنىڭ سۈرىتىنى شۇنداق بىر ئاچقانىكەن، بارلىق قىزلار: «ۋىيەي، ئاپىرىن!...» دېيىشىپ سۈرەتكە قارىغىنىچە، خۇددى جانسىز ئادەمدەك، تۇرغىنى تۇرغان يەردە،ماڭغىنى ماڭغان يەردە، كۈلگىنى كۈلگەن

پېتى قېتىپلا قاپتۇ. مەلىكىمۇ ئەقلىدىن ئازغانىدەك، بىر سۆرەتكە، بىر يىگىتكە قاراپلا قاپتۇ. سۆرەت شۇنداق ئىشلەنگەنكى، باغ، باغ ئىچىدە نەچچە مىڭ تۈرلۈك گۈل، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك مېۋە، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈك چىنار، چىنارنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىپاڭ، شىپاڭنىڭ ئەتراپىدا يەتمىش ئىككى خىل ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، گۈل ئۈستىدىكى بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، چۆرىسىدە مەرۋايىتتەك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، شىپاڭغا زىلچە- گىلەم سېلىنغان، بىر تەرىپىدە كېنىزەكلەر ئولتۇرۇشقان، بىر تەرىپىدە ساز، نەغمە - ناۋا قايناۋاتقان، ئوتتۇرىدا بولسا مەلىكە ئۇسسۇلغا چۈشكەن ھالەتتىكى كۆرۈنۈش.

- سىزنىڭ بۇ باھاسىز ھۈنىرىڭىزگە نىمە بېرىمەن؟- دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

- ھېچ نەرسە بەرمەيسىز، بۇ بىزنىڭ سىزنى ھۆرمەتلەپ، ئىززەتلەپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىمىز. ئەگەر خالىسىڭىز، بىز سىزدىن ھېچ نەرسىمىزنى ئايىمايمىز،— دەپتۇ يىگىتلەرنىڭ چوڭى.

مەلىكە ھەممىنى چۈشىنىپتۇ- دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىر پەس ساز چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. يىگىتلەر ساز باشلاپتۇ- دە، دەررۇ پەدىنى ئۇسسۇلغا يۆتكەپتۇ. ئويۇن- تاماشا، ئۇسسۇل بولغان يەردە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان مەلىكە بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ كېنىزەكلىرىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇ ھېچقاچان ئوينىمىغان ئۇسسۇللارنى ئويناپتۇ. قايتار ئالدىدا يىگىت مەلىكىنىڭ ئۆزلىرى تۇرغان سارايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى سوراپتۇ. مەلىكە دادىسىنىڭ ئۇۋدىن كېلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ رەھىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئاخىرىدا، ئەگەر ئامال بولسا، يىگىتتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

- ئۇنداق بولسا،— دەپتۇ يىگىت،— نەق بىر ئاي دېگەندە بىز سىزنىڭ ياتىدىغان ھوجرىڭىزدىن تېشىپ چىقىمىز. شۇنىڭ بىلەن سىزنى ھەر كۈنى كېچىسى قېشىمىزغا ئېلىپ بېرىپ كۆڭۈل ئاچىمىز، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ؟- دەپتۇ.

- جېنىم- تېنىم بىلەن باراتتىم،— دەپتۇ مەلىكە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋەدىنى پىششۇرۇپ، خوشلىشىپ قايتىپتۇ.

يىگىتلەر سارايغا كەلگەندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ياتىدىغان ھوجرىسىدىن چىقىدىغان يولنى ياساشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. كىچىك ئىنىسى ئۈچ كۈن كوچىنى ئايلىنىپ مۆلچەرلەپ چىقىپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى يەر قېزىشقا باشلاپتۇ. توپتوغرا بىر ئاي بولغاندا، مەلىكىنىڭ ھوجرىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. مەلىكىمۇ ئۇ يەرگە بىلىنمەس قىلىپ ئىشىك بېكىتكۈزۈۋاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەلىكە ھەر كۈنى كېچىسى ئەل ئۇخلىغاندىن كېيىن، راسا ياسىنىپ، ھېلىقى يول بىلەن خاتىرجەم يۈرۈپ، سارايدىكى ئاشىقىنىڭ يېنىغا چىقىپ مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار ھەر جۈمە كېچىسى نەغمە قىلىدىكەن، مەلىكە ئۇسسۇل ئوينايدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، سارايدا بولغان نەغمە- ناۋا، ئۇسسۇلنى كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ- تەرەپتىن كېلىشكە باشلاپتۇ. بارا- بارا جۈمە ئاخشىمى سارايدا ئادەم قاينايدىغان بوپتۇ. دىل ئازابى تارتقان يوقسۇللار نە-نەلەردىن كېلىپ ساز ئاڭلاپ، ئۇسسۇل كۆرۈپ كېتىدىغان بوپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە سارايۋەنمۇ بوش كەلمەي ھەق ئالىدىغان بولۇۋاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئويۇننى پادىشاھنىڭ ۋەزىرى كىرىپ كۆرۈپتۇ. تا تۈن يېرىم بولۇپ، بەزمە تۈگىگۈچە ھېچ چىقىپ كېتەلمەي قاپتۇ. سەھنىنىڭ چىرايلىقلىقى، ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، نەغمە- ناۋانىڭ مۇڭلۇقلۇقى، قىزنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنىڭ چىرايلىقلىقى ۋەزىرنى رام قىلىۋاپتۇ، بىراق مەلىكىنى تونىيالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەزىر بارلىق ئىشلىرىنى تاشلاپ، ھەر جۈمە ئاخشىمى سارايغا كېلىپ ئويۇن كۆرىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر سارايدىكى ئويۇندىن پادىشاھنى خەۋەردار قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئويۇننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بىر جۈمە ئاخشىمى بارلىق ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى ئويۇنغا بېرىپتۇ. بىراق، پادىشاھ ئۆز قىزىنى تونىماپتۇ، چۈنكى قىزىنىڭ بۇنداق يەرلەرگە كېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. ئەكسىچە،شۇ كۈندىن باشلاپ قىزغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. دەسلىپىدە قىزغا ئاشىق بولغىنىنى ۋەزىرلىرىگە ئېيتماپتۇ، لېكىن ھەر جۈمە ئاخشىمى بۇ ئويۇنغا بېرىشقا ئالدىراپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى ۋەزىر بىلەن ئايرىم بىر ئۆيدە ئولتۇرغاندا، ئىلاجىسىز:

- ئەي ۋەزىر، ساڭا ئېيتمىسام بولماس، مەن ھېلىقى سارايدا ئۇسسۇل ئوينىغان قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم، ئۇ قىز زادى مېنىڭ چۈشۈمدىن چىقمايدىغان بولدى. قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئۇ قىزنى ئېلىشىم كېرەك. ناۋادا شۇ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالسا، ئۆزەڭ ئامالىنى قىلارسەن،— دەپتۇ.

-ئەي پادىشاھىم، ئامال قىلىدىغىنى نېمىسى، پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ، بىرلا ئەمىر قىلىمىز، ئىش

تامام- ۋەسسالام، ھا - ھا - ھا!- دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغىنى خەلپەت ئۆلما، بەگلەرگىمۇ مەلۇم بوپتۇ، ھەتتا قىزنى بەرمىسە، تارتىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتارمەن- چاپارمەنلەرمۇ بەلگىلىنىپتۇ.

ئاڭغىچە جۈمە ئاخشىمى بوپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى ئەگەشتۈرۈپ سارايغا بېرىپتۇ. ئويۇنمۇ باشلىنىپتۇ. ئالدىدا بىر پەس ناخشا- كۈيلەر چېلىنىپ، ئاندىن ساز ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكىلىپتۇ. پادىشاھ بولسا، ئاشىق بولغان قىزنىڭ چىقىشىنى كۆزى تۆت بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز سەھنىنىڭ بىر چېتىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ- دە، ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئاغزىنى ئېچىپ، تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەپتۇ.

قىز شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ راسا قىزىغاندا، پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئۆلىماسى ئۇنىڭ مەلىكە ئىكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ- دە، دەررۇ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا ئېيتىپتۇ. شۇ زامات پادىشاھنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپتۇ، ئورنىدىن تىك تۇرغان پېتى توپتوغرا ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئاڭغىچە مەلىكە دادىسىنىڭ ئۆڭكسۈلى يوق قايتقانلىقىنى سېزىپ، دەررۇ ئۇسسۇلىنى توختىتىپتۇ-دە،كىيىمىنى يۆتكەپ، يەر ئاستىدىكى يول بىلەن قويۇندەك يۈگرەپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن ئادەم بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

ھايال ئۆتمەي پادىشاھ ئىككى جاللاتنى ئەگەشتۈرۈپ، قولىغا مەشئەل تۇتۇپ، مەلىكىنىڭ ئۇخلاۋاتقان ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. قارىسا مەلىكە دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقان. پادىشاھ تۇيدۇرماي قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشا ئەتىسى ھېلىقى ئۆلىمانى:«قىزىمغا ھاقارەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن» دەپ كالللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ، لېكىن قىزنى ئېلىش ئۈچۈن توي تەييارلىقىنى توختاتماپتۇ.

يەنە بىر جۈمەمۇ كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ خېلى بۇرۇنلا سارايغا بېرىۋاپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆلىمانىڭ سۆزى ھېچ چىقماپتۇ. ئويۇن باشلىنىپ قىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ راسا سىنچىلاپ قاراپ ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى يۈرىكى تۇيۇپتۇ، بىراق يەنە ئىشەنمەپتۇ. شۇڭا ۋەزىرگە:

- ئەي ۋەزىر، سەن بىر نەرسە سېزىۋاتامسەن؟- دەپ سوراپتۇ.ۋەزىر:

- يوقسۇ، ھېچ نەرسە سەزگىنىم يوق، جانابلىرى، بىرنەرسە سېزىۋاتامدىلا؟- دەپ پادىشاھتىن سوراپتۇ.

- بۇ قىز ئەجەب مېنىڭ قىزىمغا ئوخشايدىغۇ ،— دەپتۇ پادىشاھ. ۋەزىر راسا سىنچىلاپ قاراپ:

- شۇنداقمۇ يا!- دەپتۇ.

- سەن مۇشۇ يەردە قاراپ تۇر، مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي،— دەپتۇ- دە، ئوردىغا مېڭىپتۇ. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ پادىشاھقا يول بېرىپتۇ. پادىشاھ دەرۋازىدىن چىقىپ ئوردىغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا قىزمۇ ئۇسسۇلنى توختىتىپ، ھېلىقى يول بىلەن ئۆيىگە بېرىپ جىم يېتىۋاپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يەنە قايتىپ سارايغا كەپتۇ. پادىشاھ كەلسە، قىز ئۇسسۇل ئويناۋاتقان. پادىشاھ ۋەزىردىن:

- مەن كەتكەندىن كېيىن قىز يەنە ئۇسسۇل ئويناۋەردىمۇ؟- دەپ سوراپتۇ.

- ياق، سىز كەتتىڭىز، ئۇسسۇل توختىدى. سىز كېلىشىڭىز بىلەنلا ئۇسسۇل باشلاندى،— دەپتۇ ۋەزىر.

مەلىكە بولسا، بۇ قېتىم ئادەتتىكى كىيىمى بىلەنلا ئۇسۇلغا چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ«ۋاھ !» دەپتۇ- دە، يەنە ئورنىدىن تۇرغان پېتى ئوردىغا قاراپ يۈگرۈپتۇ ۋە توپتوغرا قىزنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپتۇ، پادىشاھنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭلا مەلىكىمۇ يەر ئاستىدىكى ئىشىكتىن چىقىپ كەپتۇ.

- ھەي مۇناپىق !- دەپلا پادىشاھ قىزنى قوغلاپتۇ. مەلىكە كەينىگە يېنىپلا قېچىپتۇ. پادىشاھ كەينىدىن چۈشۈپ يەر ئاستى يولىدا قوغلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئويۇن قويۇلۋاتقان يەردە تەڭلا پەيدا بوپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ.

پادىشاھ بۇ يىگىتلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ ۋە ۋەزىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

- بىز بۇ يىگىتلەرنىڭ تېگى- تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى،— دەپتۇ ۋەزىر. پادىشاھ سورىغانىكەن، بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋات دېگەن شەھەردىكى ھېكىماخۇن دېگەن ھۈنەرۋەننىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى، ئۈچىلىسىنىڭ ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ قىزىنى سۈرىتىدىن كۆرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھمۇ، ۋەزىرمۇ ۋە ئويۇن - تاماشا كۆرۈپ تۇرغۇچىلارمۇ يىگىتلەرنىڭ ھۈنەردىكى ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. پادىشاھ قىزىنى يىگىتلەرنىڭ چوڭىغا بېرىپ، توي- تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. يىگىتلەر قىزنى ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىشىپتۇ.

لەقەنباز - يەر قازغۇچى.

# چېچەكلەردىن جانلانغان ئويلار

دىلدۇز تېلمان ھەسەن (ئامېرىكا)

باش باھارنىڭ ھىدى ھەر ياندا،
چېچەكلەرگە تولغان بۇ زېمىن.
باراڭدىكى سۆسۈن چېچەكلەر،
تارتتى دىققەت، قادالدى زېھىن.

جۇلالىنىپ باراڭنى بېزەپ،
تەبىئەتكە قوشۇپتۇ ھۆسن.
سېخى قۇياش مېھرىگەچۆمۈپ،
نۇر چېچىپتۇ سەبدە رەڭ سۆسۈن.

ھاياجاندا سۈرەتكە تارتتىم،
كۆزۈم، قەلبىم يەتمىگەچ شۇ ئان.
تارتماق ئۈچۈن قارشى تەرەپتىن،
ئۆتتۈم، قالدىم قېتىپ شۇ ھامان!

كۆز چاقناتقان ئۇ سۆسۈن قېنى؟
رەڭ ئۆزگەرگەن كۈل رەڭگە بىردىن.
تەكرار، تەكرار باقتىم، ئىزدىدىم،
ئەسەر يوققۇ ئۇ جەزبىداردىن.

جانغا كىردى ئۇيقۇچان ئويلار،
جاۋاب ئىزدەپ سوئاللىرىمغا.
كۈنمۇ سەۋەب ياكى چېچەكمۇ؟
باغلىقمۇ يا نەدىن بېقىشقا؟

كۆك ئاسماندا نۇرلانغان قۇياش،
مېھرىنى چاچار پۈتۈن چېچەككە.
بىر تەرەپتە ھېچ تۇسالغۇسىز،
قارا سايە ئۇ بىر تەرەپتە.

كۈچ ئېلىشار نۇر ۋە ئۇ سايە،
ئىنساب، ئىمان ئاخىرقى مەنزىل.
بىرى كۈچەر تىكلىمەك ئۈچۈن،
بىرى بولسا بۇزماققا ھازىر.

ھەممە جانلىق مېھرگە موھتاج،
مېھىر بىلەن چاقنار جۇلالىق.
ئەكس ئېتەركەن تەكرار ئۇ مېھىر،
ئالغان قەلب بولسا ئىنساپلىق.

باراڭ لازىم سۆسۈن چېچەككە،
ئىنسانغا ھەم جان دوست، قېرىنداش.
زەرەر بېرەر «دوست»مۇ، «باراڭ»مۇ،
توسماق بولسا نۇرنى بىر تۇتاش.

كۈچ تىلەيمەن مېھىر چاچقانغا،
ئىنساب، ئىمان مېھىر ئالغانغا.
قارا سايە بىمادار بولسۇن،
گۈلگە تولسۇن مېھرلىك دۇنيا.

2017-يىل 20-مارت، كالىفورنىيە، ئامېرىكا



# ئۇيغۇرچە ـ ئەرەبچە سېلىشتۇرما ماقال ـ تەمسىللەر

فارۇق ئۇيغۇرۇللاھ تەييارلىغان

ئاقىلغا ئىشارەت نادانغا جۇۋالدۇرۇز.
العبد يقرع بالعصا والحر تكفيه الإشارة.

ئالدىرىغان يولدا قالار.
في العجلة الندامة وفي التأني السلامة.

ئالىم ئۆلدى، ئالەم ئۆلدى.
موت عالم كموت أمة.

ئەتىدىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى.
اصلاح الموجود خير من انتظار المفقود.

بۇغداي نىينىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى.
جراحات السنان لها إلتئام، و لا يلتام ما جرح اللسان.

بالا قازا تاق كەلمەس، بەخت ئامەت قوش كەلمەس.
المصائب لاتأتي فرادى.

بۈگۈن ماڭا ئەته ساڭا.
يوم لك ويوم عليك.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
لا تؤجل عمل اليوم إلى الغد.

تاغدا يولۋاس بولمىسا مايمۇن پادىشاھ.
الأعور في وسط العميان ملك.

تۆمۈرنى قىزىغىدا سوق.
اضرب الحديد وهو حامي.

تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخ قاقار.
من جد وجد ومن زرع حصد.

تىلىسەڭ تاپارسەن.
اطلب تظفر.

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس.
من لم يركب الأهوال لم ينل المطالب.

چاۋاك بىر قولدىن چىقمايدۇ.
يد واحدة لاتصفق.

ساغلام تەندە ساپ ئەقىل.
العقل السليم في الجسم السليم.

سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر.
الصبر مر وحلو جناه.

سېۋەتكە سۇ ئۇسۇپتۇ.
هو يرقم على الماء.

شامال چىققاندا ئارا ئات.
ا هبت رياحك فاغتنمها.

قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.
وكل اناء بالذي فيه ينضح.

قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق.
القرد بعين أمه غزال.

قاغا بىلەن دوست بولساڭ يېيىشىڭ پوق.
وكل قرين بالمقارن يقتدي.

قول يەتمىگەن شاپتول ئاچچىق.
العين بصيرة واليد قصيرة.

قورقۇنچاق مىڭ قېتىم ئۆلىدۇ، باتۇر بىر قېتىم.
الجبان يموت ألف مرة، والشجاع مرة.

قۇشقاچىنىمۇ قاسساپ سويسۇن.
أعط القوس باريها.

كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال.
زاد الطين بلة.

كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.
كل آتٍ قريب.

كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق.
البعيد عن العين بعيد عن القلب.

كۆڭۈل-كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر.

القلب رسول القلب.

گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق.
فلان برق بلا مطر، وشجر بلا ثمر.

موللا كۆپ يەردە قوي هارام.
من كثرة الملاحين غرقت السفينة.

مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا.
ليس الخبر كالمعاينة.

نادان دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى.
عدو عاقل خير من صديق جاهل.

ھەرىكەتتە بەرىكەت.
الحركة بركة.

ھەسەتخورغا ئارام يوق.
لا راحة للحسود.

ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيەر.
لا تحرق النار إلا رجل واطيها.

ئورنى كىم كولسا شۇ چۈشەر.
من حفر حفرة لأخيه وقع فيه.

ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇپتۇ.
انك تضرب في حديد بارد.

يالاڭ ئاياغ سۇدىن قورقماپتۇ.
انا الغريق فما خوفي من البلل.

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.
حبل الكذب قصير.

يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنغىن.
على قدر لحافك مد رجليك.

يىلان چېقىۋالغان ئادەم ئارغامچىدىن قورقۇپتۇ.
الذي تقرصه الحية يخاف من الحبل.



# تۈرك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە ژانىرى

گۇننار ياررىڭ (شىۋىتسىيە)

ئىنگلىزچىدىن زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى

شېئىرىيەتتىكى مۇنازىرە ژانىرى ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىدا تونۇلغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى مۇنازىرە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»ناملىق ئەسىرىدىكى «ياز ۋە قىش مۇنازىرىسى» بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولغان مۇنازىرە شېئىرىيىتى تۈرك ئەدەبىياتىدىكى رۇستەموۋنىڭ «15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى» ناملىق كىتابى بولۇپ، ئۇ كىتابتا بىر پۈتۈن باب(201 ـ 239) نەۋايىدىن بۇرۇنقى ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئورۇن ئالغان. بولۇپمۇ، ئەخمەدىنىڭ «مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ مۇنازىرىسى»، ئامىرىنىڭ «نېشە ۋە مەينىڭ مۇنازىرىسى»، يارقىنىنىڭ «ئوق ۋە يانىڭ مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئۈچ مۇنازىرە ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

يەنە مىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن»ناملىق كىتابىدىمۇ تۈرك تىلىنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا بۇ مۇنازىرە ژانىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغانلىقىنى قەيت قىلىنغان. تاشكەنت توپلانمىلىرىدىمۇ «چاي ۋە كۆكنارنىڭ مۇنازىرىسى» خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەن ئۇنىڭ ئەسلى قول يازمىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. بۇھەقتە بۇ شېئىر فۇزۇلىنىڭ «نەشە ۋە مەي» ناملىق شېئىرىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان، دېگەن قاراشلارمۇ بار.

مەلۇم مەنىدىن ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە كىلاسسىكلارغا تەقلىد قىلىنغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ھەمزە ھاكىمزادە نىيازى(1889 ـ 1929)نىڭ «قايسى مىۋە ئەڭ ياخشى» ناملىق شېئىرى بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ تېمىسى ئۆزۈم 1936 ـ يىلى نەشر قىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى «مېۋىلەرنىڭ بايانى » ناملىق مۇنازىرىگە ئوخشايدۇ. مەن نىيازىنىڭ ئەسىرىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم، شۇڭا بۇ ئىككى ئەسەرنى ئۆز ـ ئارا تەپسىلى سېلىشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ھەر ئىككىلا ئەسەردە ئۈرۈك تىلغا ئېلىنغان. نىيازىنىڭ مۇنازىرىسىدە بولسا، پەقەت گىلاسنىڭ بايانى تىلغا ئېلىنغان، مېنىڭ قەشقەردىن توپلىغان ماتېرىيالىمدا بولسا گىلاستىن باشقا 14 تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋىلەرگە قارىتا مۇنازىرىسى بايان قىلىنغان.

ئوسمانلى ۋە يېڭى تۈرك ئەدەبىياتىدا بولسا، گەرچە ئوسمانلى تۈرك ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا ئاساسەن مۇنداق نامايەندىلەرنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شائىر لامىنىڭ «باھار ھەققىدە مۇنازىرە»، «باھار ۋە كۈزنىڭ مۇنازىرىسى»، « باھار ۋە قىشنىڭ مۇنازىرىسى»، شائىر نەۋنىڭ «تۇتىقۇش ۋە قاغىنىڭ مۇنازىرىسى» قاتارلىقلار. يەنە لىتمان تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «توي ھەققىدىكى ئەرمىنيە ـ تۈرك مۇنازىرىسى» بولۇپ، بۇ مۇنازىرە گەرچە شەكىل جەھەتتىن مۇنازىرە تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن كېيىنكى نەشر قىلغان«چېكىملىك، ئىچىملىكلەرنىڭ بايانى » ناملىق چۆچەككە ئوخشايدۇ دەپ قارايمەن.

مۇنازىرە ژانىرى يەنە باشقا تۈرك ئەدەبىياتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، خالېنىنىڭ «فىنلاندىيىدىكى شەرق نامايەندىلىرى توپلىمى»دا قازان تاتارلىرى ۋە باشقىرتلارنىڭ مۇنازىرە ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالغان. دېمەكچىمەنكى، مۇنازىرە سەرلەۋھىسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە دىققىتىنى قوزغىغان.

«ئات بىلەن تۆگىنىڭ مۇنازىرىسى» ئېتنولوگىيىلىك، فولكلور ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە مۇنازىرە ئەسىرى بولۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قەشقەردىكى مۇھەممەت ئەلى داموللام تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن.

قەشقەردىكى مىسسىئونېر گۇستاف راچۇيتىنىڭ ئايالى خاننا راچۇيتىنىڭ 1961 ـ يىلى 20 ـ نويابىردا ماڭا يازغان خېتىغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت ئەلى داموللا ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى ئەلچىخانىسىغا ۋە شىۋېتسىيە مىسسىيونېرلار بازىسىغا تەكلىپ قىلىنغان تىل ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن. كېيىنچە ئۇ كىشى يەنە مىسسىيونېرلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش ئىشلىرىدا ئەدەبىي مەسلىھەتچى بولغانىكەن. ئۇ 1850 ـ يىللىرى تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ مۇنازىرە ئەسىرىنى يازغاندا 50 ـ 60 ياش چاغلىرى ئىكەنتۇق.

«ئاتنىڭ بايانى» ۋە «تۆگىنىڭ بايانى» دىن ئىبارەت يەنە بىر پارچە مۇنازىرە مىسسىيونېر سىگرىد موئېنىنىڭ

ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسەر خوتەندە خاتىرىلەنگەن، شۇڭا خوتەن شېۋىسى بويىچە ئېلىنغان سۆزلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «تۆگە»، قەشقەر شىۋىسىدە «تۆگە»، خوتەن شىۋىسىدە «لوتا»، قەشقەر شىۋىسىدە «بوتا» قاتارلىقلار. بۇ ئىككى خىل ۋارىيانتتىكى مۇنازىرىنىڭ سۆزلۈكلىرى ئەرەپ ۋە پارىسچە سۆزلۈكلەردىن خالىي بولۇپ، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەر دىيىشكە بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ سودا ـ سېتىق ۋە مال ـ ۋاران بېقىشتىكى پائالىيەتلىرى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەدەبىي ۋاستىلەر بىلەن ئۆز ـ ئارا باغلىنىپ مەزمۇن ئىپادە قىلىنغان.

مەن 1978 ـ يىلى قەشقەرگە بارغان ۋاقتىمدا قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلارغا بۇ مۇنازىلەرنى كۆرسەتكەن ۋاقتىمدا ئۇلار تېكىستتىكى كۆپ قىسىم سۆزلەرنى ئۆزلىرىنىڭ چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن بىز ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىي تىل بولغان چاغاتاي تىلىنىڭ يوقىلىشقا مېڭىپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمىغان يېڭى بىر خىل ئەدەبىي تىلنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

(Some notes on EasternTurki(New Uighur)munazara literature»by Gunnar Jarring(1907–2002»
Lund:LiberLäraomedel/Gleerup,1981
Scripta Minora Regiae Societatis humaniorum litterarum Lundensis»,Nr 1980/1981»

## ئات بىرلە تېۋىنىڭ سۆزلەشكەنى A

بىر كۈنى ھەزرەتى سۇلايمانى
يىغىلىپ جەمى بولدى بارچە ھەيۋاننى
ئول[1] كۈنى بولدى بىر ئاجايىپ جەڭ
سۆزلىشىپ تۇرقى ھالى رەڭگارەڭ
تۆگە دېدى ئېي ئات كۆنى[2] قاق
بۇ كۈن مېنىڭ ساگا شەپقىتىمگە باق
ھەر قاچان چوڭ تۇرۇر مەن سەندىن
يۇقارى ئولتۇرماقىڭ نە ھەد[3] مەندىن
پەرق قىلماس سېنى پادىشاھى قۇۋۋەت
ئاتقۇچى يا پادىچى ۋە يا تورغە
ھەر كىشى ئۇرسەلەر[4] ئۇچاگغا تاياق
چاپارسەن رۇم بىلەن شام[5] ۋە ئىراق
سېنى مىنەدۇر قويچىلەر بىلەن ئەلگەكچى
ھەر قەدەمدە ئۇرادۇر ئۇچاگغا ئۇن قامچى
قىرىغاندا سېنى ئەھل[6] باقمايدۇر
بىر مىنىپ باققاي دەپ بىر نېمەسىنى ئۇچاگغا يايمايدۇر
ئىگىرىگنى يۈدۈپ يۈرەرسەن ئىگەرچىمۇ ئېدىڭ
ئول نېمەڭ قاپ ـ قارادۇر كۆمۈرچىمۇ ئېدىڭ
سۆرىتىگدۇر ۋەلى مەسلى[7] ئىشەك
كۆشەمەيدۇرسەن[8] كۆشەگدە[9] باردۇر دۇرشەك[10]
قىرىغاندا ئالەدۇر سېنى ئابدال

كۆپ جاپا بىلەن ئۇچاگغا ئۇرادۇر دۇمبال[11]
خۇرجۇن ئارتىپ مىنەدۇر سېنى قەلەندەرلەر
يورغىلاپ ماگماقىگنى خىتاي دەرلەر
بېدىكلەر باقەدۇر تېشىگنى ئېچىپ
ئالمەسە يۈرۈرسەن يوتاگغا چېچىپ

تۆگە قىلدى ئۆزىنى كۆپ تەرىپ
باشقەلەردىن ئۆزىنى ئايرىپ
مەندۇرمەن بۇ جاھاندا بىر شاھى
بىقۇسۇر ۋە چىرايلىق ۋە ماھى
كۈچۈم باردۇر رۇستەم داستانىدەك
تەقى ـ تۇرقۇم سام[12] ۋە نارىمانىدەك[13]
بىر ئاتىم تىۋەدۇر[14]، يەنە بىرى ئۇشتۇر[15]

※ ※ ※

شۆھرەتىم خەلقارا ئەمەس مەستۇر[16]
خۇش چىرايلىقدۇر مىنىڭ مىگىش ـ تۇرۇشۇم
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇكان قۇرۇشۇم.
مەست بولسام بىلىمنى مۈكچەيتىپ
غەزەل ئوقۇيمەن كۆزلەرىمنى چەكچەيتىپ
قىز ـ جۇۋانلار ماڭا نەزارە[17] قىلۇر
نۇر ئۆلەشتۈرگەندە مەن تولا ئالغان
بارچەلەرگە كەلمەي ھاڭ باقىپ[18] قالغان
ئەمدى تۆگە قىلدى تەرىپ ئېيتىپ،
نۆبىتى كەلدى ئەمدى ئاتقە يېتىپ
ئات دېدىكى ئەمدى سۆزەمنى قىلاي
يەنەمۇ سۆزەڭ قالدىمۇ ئاڭلاي
تەرىپ ئەتتىڭ ئۆزەڭنى دوققا ماڭلاي
مانا ئەمدى تەرىپ ئېيتىپ ئۆزۈم داڭلاي.
بىھاياسەن قارا يۈز خۇدا ئۇرغان
تەگرىنىڭ دۇشمەنى لەبى[19] چەك ئۇرغان.
يېيىشىڭ پىچان ۋە يانتاق
توپراقىڭ خىتاي ۋە يا قالماق
چارۋىدارلار سىنى ئوتانغا سالۇر،
جوتىلەيدۇر[20] سىنى چارۇق باغىدە[21]،
ۋاقىرايسەن يەنە ئۇرەر[22] چاغىدە
سەندە كۈچ بار ئەقىل بىرلە دانىش[23] يوق
قورسەقىڭدە باردۇر ئون ئالتە زەمبىل پوق،
ئۇساغاندە قېتىپ قالۇر ماياقىڭ
كۈنىدە باردۇر ساڭا يىگىرمە بەش تاياقىڭ
كاجلىقىڭدىن سىيەرسەن ئارقاڭگە
قالدى مىراس سىنىڭ بالاۋاقەڭگە
تاڭرىتەئەلا سىنى مال دەپ ياراتقان ئەمەس
بەدمۇقامدۇر[24] دەپ سىفەت[25] قىلغان ئەمەس
كوچەلەردە سىنى باللەر قويلەر[26]
خادا بىلەن چوقالەرىڭگە ئۇرۇپ ئوڭلار
يۈك قويارلەر ئۇچاڭغا بەسى ئېغىر
كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن قىلۇرلەر يېغىر
تەگرىتەئەلا بىزلەرنى ئەزىز ياراتقەندۇر

پادىشا بەگلەرگە تاراتقاندۇر
ياراتىپتۇر تۆھپە قىلسندى پادىشاھلەرگە
بەرمەدى فەقىر مىسكىن گېدايلەرغە[27]
ئارغىماق كەلسە ئەگەر بۇ دىيارلەرغە
كىم يېتەر قەدرى قىممەت باھالەرغە
مۇرتىبزاغا بولۇپ ئېدىم دۇلدۇل
مەركەب ئارادۇر غۇنچە ماناند گۈل

## تۈگەنىڭ ئۇقۇغان بېيىتى B

تۇرقۇم بار ئىگىز تايدەك
ئۇلتۇرۇپ قوپۇشۇم سېرىق يايدەك
قىز ئوغۇللار ماڭا نىزارا قىلۇر
مېنىڭ ئۈچۈن يۈرەكلەرنى پارە قىلۇر
خوش ئاجايىپ رۇرۇ مېنىڭ مېڭىش تۇرۇشۇم
يۈكۈنۈپ ئۇلتۇرۇپ دۇكان قۇرۇشۇم
ئاتنىڭ بېيىتى
كالپۇكۇڭ باردۇر بىر يېرىم چارەك[28]
قۇيرۇقۇڭ باردۇر تۆت ئىلىك[29] چارەك
ئوتۇنچىلەر سېنى ئوتەنغا سالۇر
ماڭماساڭ پالتا بىلەن لوتاڭغا[30] سالۇر
ئۇسسۇلۇقتىن قۇرۇپ قالۇر ماياقىڭ
كۈندە باردۇر لوتاڭغە بەش تاياقىڭ
تۆگىنىڭ بېيىتى
سېنى مىنەر ئەلگەكچى بىرلە قەلەندەرلەر
ماڭماساڭ بازارغە سېلىپ ساتاي دەرلەر
ئىگەرىڭنى يۈدۈپ تۇرۇپ سەن ئىگەرچىمېدىڭ
تاشلىقىڭ[30] قارا تۇرەدۇر كۆمۈرچىمېدىڭ

**بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنىسى:**

[1] ئۇ
[2] تېرىسى
[3] ھەددىڭ
[4] ئۇرسا
[5] رىم ۋە دەمەشق
[6] جامائەت
[7] تۇرقى
[8] كۆشمەسلىك
[9] چوققا
[10] چۇلۋۇر
[11] دۇمبا
[12] سام خەلقى
[13] پارس خەلقىنىڭ ئەجدادى
[14] تۆگە
[15] ئاتاقلىق ، داڭلىق
[16] ساپ ،پاك
[17] نەزەر سېلىش
[18] ھاڭۋېقىپ
[19] تەرىپىدىن
[20] يېتىلەيدۇ
[21] ئارغامچا
[22] ئۇرۇش
[24] ئىلىم بىلىم
[24] قائىدە ـ يوسۇن بىلمەيدىغان
[25] سۈپەت
[26] قوغلار
[27] گادايلرغا
[28] ـ كىلو
[29] غېرىچ
[30] لوكا
[31] قۇرساق




# قازاقىستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرى تۈرك دۇنياسى دراما يېزىش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى

بۇ يىل تۈركىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىكىنىڭ قوللىشى بىلەن ياۋرو-ئاسىيا يازغۇچىلار بىرلىكى ئۆتكۈزگەن، 2-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق «قورقۇت ئاتا دراما يېزىش مۇسابىقىسى»دا نەتىجە قازانغانلارغا مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى، تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدىكى خەلقئارا تۈركىي مىللەتلەر مەدەنىيەت-سەنئەت تەشكىلاتىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئەزەربەيجان، رۇسىيە فېدېراتسىيەسى، مولدوۋا، قازاقىستان، ئىران، ئىراق ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەت ھەم رايونلاردىن 48 يازغۇچى قاتناشقان مۇسابىقىدە قازاقىستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرىنىڭ «چارباغ» ناملىق دراما ئەسىرى بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا ئەخمەتجان ھاشىرىنىڭ مېدالىنى پارلامېنت ئەزاسى، سابىق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرى نەبى ئاۋجى بەردى. مۇراسىمغا تۈركىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرىنىڭ مۇئاۋىنى گۈلەر يايمان، ياۋرو-ئاسىيا يازغۇچىلار بىرلىكى رەئىسى ياقۇپ ئۆمەروغلۇ قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.


ئەخمەتجان ھاشىرى مۇراسىمدا قىلغان نۇتقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا بۈيۈك مىراسلارنى ياراتقان بۈيۈك خەلق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە «دەدە قورقۇت دراما مۇكاپاتى»نى بەرگەن ياۋرو-ئاسىيا يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. تونۇلغان يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرى ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق زىيالىيلىرىنىڭ ئىنتايىن خۇرسەن بولغانلىقىنى بايان قىلدى.

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «چارباغ» ناملىق دراما ئەسەردە، 1941 ~ 1945 - يىللىرى ئارىسىدىكى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان، ئالمۇتا شەھىرى يېنىغا جايلاشقان «چارباغ» يېزىسىدىكى بىر ئۇيغۇر مومايىنىڭ ھاياتى بايان قىلىنغان. بۇ دراما يېقىندا قازاقىستان ئۇيغۇر تىياتىرى تەرىپىدىن سەھنىگە قويۇلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەسەر تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىدىكەن.


ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك يازغۇچىسى ئەخمەتجان ھاشىرى ئەپەندىم بۇ يىل 79 ياشقا كىرىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇ ھازىرغىچە سەككىز دراما ئەسىرى يازغان بولۇپ، ئۈچ ئەسىرى خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھەمدە ئەخمەتجان ھاشىرىغا قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييېف

تەرىپىدىن «تۆھپىكار ئەدەبىياتچى» مېدالى بېرىلگەن.
يازغۇچىنىڭ «ئىدىقۇت» ناملىق تارىخى رومانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى، 2016-يىلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئەلچىلىكى تەرىپىدىن نەشىر قىلدۇرۇلغان ئىدى.
قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرە ئەلچىخانىسىنىڭ باش ئەلچىسى جانسېيىت تۈيمېبايېۋ، «ئىدىقۇت» رومانىنىڭ «تەقدىم» ئۈچۈن يېزىلغان مەخسۇس بېتىدە «قەدىرلىك يازغۇچىمىز ئەخمەتجان ھاشىرى، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى قازاق رادىئوسى، قازاقىستان يازغۇچىلار بىرلەشمىسىدە خىزمەت قىلىپ قازاق ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تۆھپىلەر قوشتى. نۇرغۇنلىغان قازاق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇردى. قازقىستان ئەدەبىيەتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان زىيا سەمەدى، خىزمەت ئابدۇلىن، خېلىل خامرايېۋ، نۇر ئىسرايىلوۋ، جەمالەتتىن بوساقوۋ قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەخىرلىك يازغۇچىلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەنئەنىۋى مەدىنىي مىراسلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان مىللى ۋە خەلىقارا دۆلەتلىك مۇكاپاتلانى ئالغان قازاقىستانىنىڭ مىھنەتكەش ئەدەبىياتچىسىدۇر» دەپ يازغان.




**رەسىملەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى**
ئالدىنقى بەتتىكى رەسىم: ھۆرمەتلىك يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىر سۆز قىلماقتا.
بۇ بەتتىكى ئوڭدىكى بەتتىكى رەسىم: ئاپتورنىڭ تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان «ئىدىقۇت» ناملىق رومانى.
بۇ بەتتىكى سولدىكى بەتتىكى رەسىم: ئىلگىرى مائارىپ مىنىستىرى، ساياھەت ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن پارلامېنت ئەزاسى نەبى ئاۋجى ئەپەندى(ئوڭدا) يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىرىغا(سولدا) مۇكاپات تاپشۇرۇپ بەرمەكتە.



كىتاب ئۇچۇرى:


## ئۇيغۇر يىلنامىسى

«ئۇيغۇر يىلنامىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك، ئۇنىۋېرسال تارىخ كىتابىنى لوندون «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» نەشىر قىلدى. ئۇيغۇر زىيالىيسى مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقىيا يازغان 912 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك ئەسەردە يۇرتىمىزنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي دەۋرىدىن باشلاپ 1985 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. يەنە يۇرتىمىزنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى، قۇرۇلغان دۆلەتلەر، خانلار تەزكىرىسى، بىتىم ـ شەرتنامىلەر، تىل ـ يېزىق تارىخى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى، مەمۇرىيەت تارىخى، مەمۇرىي جۇغراپىيە، تارىخىي شەخسلەر ۋە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي رىئاللىقى ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك مەزمۇنلار يىغىنچاق بايان قىلىنغان بولۇپ، قىسقىچە ئۇيغۇر قامۇسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاپتور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ پاكىتلىق خاتىرىلىرىنى توپلاپ رەتلىگەن. ئەسەردە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا نەشىر قىلىنغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى يىل تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارغا پاكىت مەنبەسى تەمىنلەش، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك پاكىتلىق ماتېرىيال بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر كىملىكىنى تونۇشتا ھەم تونۇتۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر مۇھىم ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتاب مەزمۇن جەھەتتىن چوڭ جەھەتتە ئىككىگە بۆلىنىدۇ:

بىرىنچى بۆلەك پاكىت قىسمى: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپ 1985 ـ يىلىغىچە بولغان ئۇيغۇر تارىخىنى شەكىللەندۈرگەن ۋەقەلەر

ئىككىنچى بۆلەك ماتېرىيال قىسمى: يۇرتىمىز تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر يىلنامىسى، خانلار شەجەرىسى، دۆلەتلەر ئارا تۈزۈلگەن بىتىم ـ شەرتنامىلەر، خوجىلار تەزكىرىسى، يۇرتىمىز مەمۇرىيەت جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى، تىل ـ يېزىق تارىخى، نەشىر قىلىنغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللار تىزىمى قاتارلىق مول ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.




كىتاب ئۇچۇرى:

# «ئىز» رومانى تۈركچە نەشر قىلىندى

2017 - يىلى 9-ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق شائىرى ۋە يازغۇچىسى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى ئىستانبۇلدىكى بويالىقۇش نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مۇقاۋىسىغا «ئىز-ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق كۈرىشى» دېگەن خەت يېزىلغان. ئەسەر تۈركىيىدە ھەر قايسى كىتابخانىلاردا ۋە نەشرىياتنىڭ تور بېكىتى ئارقىلىق سېتىلىشقا باشلىنىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تۈگەپ كەتكەن.

تۈركىيەدە بۇ رومانىنىڭ بۇنداق تېز سۈرەتتە سېتىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەتقىقاتلارنىڭ كۆنسېرى ئېشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. رومانىنىڭ تارىخىي خاراكتېرگە ئىگە بولىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەدەبىي تىلىنىڭ باي بولىشى تۈرك ۋە باشقا ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان. تۈرك تىللىرى تەتقىقاتىدا ئۇيغۇر تىلى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقاتلاردا قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇنلىغان تىلشۇناسلار تارىخىي ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئىسپاتلايدۇ.

تۈركىيەدە ئۇيغۇر تىلىدىن تۈركچىلەشتۈرۈلگەن ئەسەرلەر كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك تىللىرى ۋە ئۇيغۇرشۇناس تەتقىقاتچىلىرى ماتېرىيال جەھەتتىن قىيىنلاتتى. بۇ تارىخى رومان يالغۇز ئۇيغۇرشۇناسلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، تارىخشۇناسلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

رومانىنىڭ تۈركچە نەشرى ئېلان قىلىنغان تورلار ۋە كىتاب تونۇشتۇرۇش ئېلانلىرىدا، رومانىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدىن بىر ئابزاس بىرلىكتە بېرىلگەن.

«1911’in bir yaz günü, çam ağaçlarıyla kaplı yemyeşil bir kanyon... Taşlara vura vura akan suyun gür sesi bütün kanyonda yankılanıyordu. Bu akarsu boyunca yılan gibi uzanan patika yoldan atlı bir delikanlı türkü mırıldanarak geliyordu. Omzundaki siyah tüfekten, torbasındaki kurt ve samur derilerinden onun bir avcı olduğu anlaşılıyordu... »

بۇ بىر ئابزاس، رومانىنىڭ تارىخى، ئەدەبىي جەھەتتىن نە قەدەر باي ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەشكە يېتىدۇ. كىتابىنىڭ داۋامىنى تېخى ئوقۇماستىنلا، ۋەقەلىكلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا جانلىنىشقا باشلايدۇ.

## كىتاب ئۇچۇرى:


# «ئۇيغۇر ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلىمى» ياپونچە نەشر قىلىندى.




«ئۇيغۇر ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلىمى» ياپونىيەنىڭ پايتەختى توكيودا ياپونچە نەشردىن چىقتى. توپلامغا تاھىر ھامۇت، پەرھات تۇرسۇن، گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان، ئايىمنىسا سۇلايمان نۇربىيە، شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ، رەھىم ياسىن قايىنامى، مۇقەددەس يەھيا، ئابدۇرېشىت ئەلى، غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد قاتارلىق 11 نەپەر شائىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ياپونچىدىن ئۇيغۇرچىغا نۇرغۇن ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا ۋاستىلىك تەرجىمە قىلىنغان بولسا، يەنە بەزى ئەسەرلەر ياپونچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. ئۇيغۇرچىدىن ياپونچىغا بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر بەك ئاز بولۇپ، مۇقەددەس خانىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ تاللانغان ئەسەرلىرى ياپونىيەلىكلەرگە تەقدىم قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياپونىيەلىكلەرگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ

## كىتاب ئۇچۇرى:

# سەنسىز ئاتقان تاڭلار




قازاقىستانلىق ئاتاقلىق ئۇيغۇر يازغۇچى گۈلباھرام ھوشايېۋانىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان« سەنسىز ئاتقان تاڭلار» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى تۈركچە نەشر قىلىندى. بۇ توپلام جەمئىي 12 ھېكايە ۋە بىر تونۇشتۇرۇش سۆھبىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۈركىيەلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى.

بۇ توپلام تۈركىيەدە كۆزگە كۆرۈنگەن تۈرك شائىر ۋە يازغۇچى ئارسلان باير ئەپەندى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، بەيگەنچ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تۈركىيەدىكى كىتابخانىلارغا تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان تور كىتابخانىلىرىغىمۇ تارقىتىلىدىغان بولۇپ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركىيەلىكلەرنىڭمۇ بەھرىمان بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلگەن. گۈلباھرام خانىم ئەسەرلىرى ئارقىلىق قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن شەرھلەپ بەرگەن.



# بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى

**تەۋەررۈك** [ئەرەبچە] ①[سۈپەت] ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق، ئەزىز: *بۇ زېمىن بىز ئۈچۈن تەۋەررۈك* ②[ئىسىم] ئۇلۇغ، ھۆرمەتكە لايىق دەپ ئەتىۋارلانغان نەرسە، يادنامە: *خوجىنىياز مەككە تەۋەررۈكى بولغان بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى چىمچىلاق قولىدىن چىقىرىپ، ئېردىنىباتقا قارىدى.* ③[سۈپەت] [كۆچمە] غوۋا، تۇتۇق، ئېنىق ئەمەس سۈپەت. يېقىن، مۆتىۋەر كىشىلەردىن خاتىرە، يادىكارلىق بولۇپ قالغان؛ ئۇلۇغلىنىپ ساقلانغان: *بالام، بۇ پىچاقنى چىڭ ساقلا، بۇ تەۋەررۈك پىچاق.* ④ [ئىسىم] يېقىن، مۆتىۋەر كىشىلەردىن خاتىرە، يادىكارلىق بولۇپ ساقلانغان نەرسە؛ ئەستىلىك: *بۇ بىلەيزۈك ئاناڭنىڭ تەۋەررۈكى ئىدى.*

**يېتۈك** [سۈپەت] يېتىلگەن، كەم-كۈتىسىز، مۇكەممەل: *يېتۈك شائىر.*

**قەترە** [ئەرەبچە] ① سۇيۇقلۇق زەررىچىلىرىنىڭ تارتىشىش نەتىجىسىدە شارچە شەكلىنى ئالغان ئەڭ كىچىك بۆلىكى؛ تامچە: *بىر قەترە سۇ. ئەي تاغ سۈيى، ئاڭلا! يېشىل زۇمرەت كەبى جىلۋىلىنىپ تۇرغان، ئەمما غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان سۇزۇك كۆلنىڭ سۈيى بولغۇچە، سېنىڭدەك مەڭگۈ ئويغاق ئۆتىدىغان، گۈركىرەپ، كۆپۈكلىنىپ ئاقىدىغان تاغ سۈيىگە قەترە بولۇپ قوشۇلغۇم بار!...* ② كۆچمە. ئاز مىقدار، ئازغىنا، كىچىك بۆلەك ياكى ئۈلۈش: *بىزنىڭ سۈيەتلىك ئۇرۇقلىرىمىزنىڭ قوشنىلارنىڭ يېرىدە چېچەك ئېچىپ، مېۋە بېرىشى يەنىلا بىزنىڭ دۆلەتكە قوشقان بىر قەترە تۆھپىمىز بولمامدۇ؟*

**گۆھەر** *(گەۋھەر)* [ئىسىم] [پارىسچە] ① قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى: *گۆھەر قازماق. گۆھەر تۇرىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا (ماقال).* ② كۆچمە. سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، قىممەتلىك، بىباھا؛ ئەزىز: *گۆھەر ماكان. گۆھەر كىتاب. گۆھەر بىلمەك.* ③ كۆچمە. قارىچۇق (ك-ئۆز ھەققىدە): *كۆز گۆھىرى. شۇ زامان ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ. كۆز گۆھىرىدىن نۇرلار چېچىلىپتۇ.* ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**بوزلىماق** [پېئىل] ① ھىڭگان (چىشى تۆگە)نىڭ تايلىقنى،تايلاقنىڭ ئانىسىنى سېغىنغان ۋاقتىدا چىقارغان ئاۋازى ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. ② كۆچمە. ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق، نالە قىلماق: *كېيىن ئۇ بالا جىنازىغا ئۆزىنى ئېتىپ شۇنداق بوزلىدىكى، ئۇنىڭ مىسكىن زارىدىن يەر*

*يېرىلىپ، ئاغۇتاشلار ئېرىپ كەتكۈدەك بولىدى.*

**ئۇجماق** [ئىسىم] [پارس]. جەننەت: *مەردىكە مەشرەپ يارىشار شەكسىز، زەپەر بىلەن تويى هامان قوشماق. چۈنكى غەيرەت ـ شىجائىتىڭدە. يارالماقتا يۈرتۈڭدا ئۇجماق.*

**يېشىن** [ئىسىم] چاقماق

**توپان**① [ئىسىم] بۇغداي، شال، تېرىق قاتارلىق زىراەتلەرنىڭ خامانىدا دېنى ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قېلىپ قالغان غول، يوپۇرماقلىرىنىڭ توپىدەك بولۇپ كەتكەن ئۇۋاقلىرى. ②[ئىسىم] [ئەرەبچە] دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان نوھ پەيغەمبەر زامانىسىدىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيانى باسقان سۇ تاشقىنى ③ [كۆچمە] كۈچلۈك دولقۇن، تاشقىن، ئېقىن: *قالدى بىر قامغاق كەبى بوران ئارا، يا قېيىقسىز بەندىدەك توپان ئارا.* ④ [كۆچمە] زور بالايىئاپەت: *قانچە توپانلار، بورانلار ئۆچرىدى، ئەمما باش ئەگمىدۇق.*

**مەھەل** [ئىسىم] [ئەرەبچە] پەيت، ۋاقىت، چاغ: *ماشىنىلار قوزا چۈش بولغان مەھەل بىلەن دەريا كېچىكىگە، قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.*

**تاناب** [ئىسىم] [ئەرەبچە] يەر ئۆلچەش، قىر ـ ئېرىقلارنى رۇسلاش، سىزىق چۈشۈرۈش ئۈچۈن تارتىلىدىغان، پاختا ياكى چېگىدىن ئىنچىكە ئېشىلگەن تانا.

**نالە** [ئىسىم] [پارسچە] ① غەم ـ ئەلەم، دەرد ـ ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان دەردلىك ئاۋاز؛ پەرياد، پىغان: *نالە قىلماق.* ② يالۋۇرۇش، ئىلتىجا، ئۆتۈنۈش قاتارلىق تەلەپ تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇڭلۇق ئاۋاز، يېلىنىپ قىلىنغان ئىلتىجا ئاۋازى: *ئىت ھۆركىرەپ يىغلاپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى. ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ياسىن بىلەن مۇشۇكمۇ يىغلايتتى.*

**ئوقچۇماق** [پېئىل] ① كۆۋەجىمەك، بولدۇقلاپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك، تاشماق (ھەرىكەتلىنىۋاتقان سۇيۇقلۇقلار ھەققىدە): *مۇزلار ھەربىر پارچىلانغاندا سىمابتەك سۇ تامچىلىرى مۇز ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىپ، ئەتراپقا يېيىلاتتى.* ②[كۆچمە] سەكرىمەك، ئاتىلاپ ئۆتمەك: *بىر چاغدا ئىت قانداقتۇر بىر كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن بىرلا ئوقچۇپ ياسىننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ*

**قاڭغىر** [رەۋىش] زار، قاتتىق: *قاڭغىر قاقشىماق.*

**خەستە** [سۈپەت] [پارسچە] [يېزىق تىلى] ①بىرەر كېسەللىككە يولۇققان، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس؛ كېسەل، كېسەلمەن: *نىگارىم خەستە جارىغا ۋىسالىڭدىن داۋا ئەيلە، تېنىمدە قالمىدى دەرمان، پىراقىڭدا بىمار بولدۇم.* ② [كۆچمە]. دەرد تارتقان، ئەلەم چەككەن، ئازابلانغان، قىينالغان، دەردلىك، قايغۇلۇق، غەمكىن: *سايرىغايمۇ زوق بىلەن بۇلبۇلغا گۈلزار بولمىسا، يايرىغايمۇ خەستە دىل ئاشىققا دىلدار بولمىسا.*

**كۆلبە** [ئىسىم] [پارسچە] ئۆي، خانا؛ ساتما.

**سپېكتاكل**ـ spectacle ـ ئاجايىپ مەنزىرە، كۆرۈنۈش، غەلىتە ئەھۋال(ئىش ؛ھادىسە)

**ئىستىبدات** [ئىسىم] [ئەرەبچە] ھاكىممۇتلەق؛ زالىم: *ئىستىبدات ھاكىمىيەت. ئىستىبدات دەۋر.*

**تەۋەللۇت** [ئىسىم] [ئەرەبچە] تۇغۇلۇش؛تۇغۇت: *ئۇ تەۋەللۇتنىكى خوتۇنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالدىرىدى.*

**مەيل** [ئىسىم] [ئەرەبچە] ① بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا بولغان ئىشتىياق، قىزىقىش، ئىنتىلىش؛ ھەۋەس: *ـ ئۇسسۇلۇققا مەيلىڭىز بولسا مەيەرگە كېلىڭ، ـ دەپ چاقىردى رەيھان مېنى يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.* ②رىغبەت، ئىختىيار؛ راي: *چىرايىدىن ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن داۋاملىق پاراڭلىششقا مەيلى بارلىقى بىلىنەتتى.* ③كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى، رايى، خاھىشى؛ ئىشق، ھەۋەس: *تۆمۈر خەلپە بۇ ئىككىيلەننى چېتىپ قويۇش خىيالىغا كېلىپ، ھۆسنارخاننىڭ مەيلىنى بىلىپ بېقىشنى روزىخانغا تاپشۇرغانىدى.*

**كوكات** [ئىسىم] كۆكلەپ تۇرغان ئوت ـ چۆپ.

**ھەلقۇم** [ئىسىم] [ئەرەبچە] ئوزۇقلىنىش يولىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ كېكىردەك، كاناي، بوغۇز.

**تېرەن** [سۈپەت] ① چوڭقۇر: *ئۇ كۆلنىڭ تېرەن ـ تېيىزلىقىغا قارىماستىنلا، سۇغا كىرىپ كېتىپ، چىقالماي ئۆلدى.* ② كۆچمە. مەزمۇن جەھەتتىن ك ـ ئەڭ، ئەتراپلىق، چوڭقۇر: *تېرەن بىر ئوي دېڭىزى ئىچرە پاتتى، خىيالى ئۇنى بىر گىردابقا ئاتتى.*

**بىمادار**[ئىسىم] [ئەرەبچە] كۈچ ـ قۇۋۋەتسىز، ماغدۇرسىز، ماجالسىز، ئىقتىدارسىز

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) تەييارلىغان




تەبئەت بىزنىڭ بايلىقىمىز




تەبئەت بىزنىڭ ئايلىقىمىز

بۇ بەتتىكى ھەجۋىي رەسىملەرنى مەدەنىيەتشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ نامزاتى ھاكىمجان گۈلئېۋ (قازاقىستان) سىزغان





ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ مەنزىرىلىرى: قاناس كۆلى (يۇقىرىقى رەسىم)، سايرام كۆلى (ئاستىدىكى رەسىم)


ISSN: 2602–389X